يولغا قويىب يۈبارىش ئۈچۈن هەممە چارالارغا كىرىش-
مەگىمىز لازىم. هەر تۈرلى ئىنقىلاب تەعلىم ــ تەربىيەۋى
ئىش بەجەرىلەدىگەن بىر دەۋر بولغانىدان، ئول ياشاي-
دىغان ۋە عۇمومى ئوتكەن نەسىللەرنىڭ پسيخالوگيەسى
ئوزگەرتەدى هەم ئولەر ئورنىغا باسادىغانلارنىڭ پسى-
خالوگيەسىنى تەرتىبكە قويادى. بىزنىڭ ئىنقىلابىدا تەع-
لىم تەربىيەۋى رولنى تەشكيل قىلىشدا بۈيۈك ۋەزىيفە
پرالىتارىياتگە عائىددىر. پرالىتارىيات مۇتەشەككىل بول-
غانى حالدا مەيدە مال حازىرلەگوچى مىليونلارغا، دېه-
قانلارغا تەعلىم ــ تەربىيەۋى تەئسىر بېرىشدەن توختالا
ئالمايدى. ئىككىنچى بىر مەدەنىيەتنىڭ مۇۋازى بولغان
بىر حالدا داۋامىغا يول قويا ئالمايىز، چۇنكى ئۇنىڭ
سىياسى جېهەتدەن كەتتە بولغان يامان عاقىبەتكە ئوچ
رەش خەۋفى بار (لونەچەرسكى).

بىزنىڭ ئۈچۈن ئەھەممىيەتلى بولغانى قىشلاقنىڭ
مەدەنى خازرلىغىنى مونەشەككىل پرەلىتەرىيەت باراديغان
توغرى يولغا جوناتىش ۋە بىزنىڭ قىشلاقنىڭ كـەمموـ
نىزمگە قاراب يوكسەلە بارىشىدىر. كەممۇنىزمگە سەۋق
قىلىشدا قىشلاق ئوقۇتۇچىسىنىڭ حىسسەسىگە جۇدە ئاغىر
ۋە بۈيۈك ۋەزيفە تۈشەدى. مەكتەبگە ئوز ـ ئوزىدەن
تەعلىم ـ تەربىيەۋى ئىشلەر بەجەرىلەدىگەن بىر ئورون
دىب قارالسا، ئو ۋاقتدا بىزنىڭ مەكتەبنىڭ كەنتە ئەھەـ
مىيەتكە ئىگە بولغانى ئاچىق كورىنەدى. مەكتەبنىڭ ئىش
مۇندەرىجەسى توغرىسىداغى مەسئەلە ـ دەۋلەت ئۈچۈن
برنچى دەرەجە ئەھەممىيەتلى مەسئەلە بـولادى، بوندای
ئىسە ئۇسۇل تامانىدان رەھبەرلىكنىڭ توغرى يولغا قوـ
يىلىشى، ئوقۇتغۇچىلار ئورتاسىدا ئىشلەش مەسئەلەسىـ
نىڭ جۇدە مۇھىم ئىكەنلىگى ئاچىق كورىنەدى. بىز ياـ
شايدىغان ئۇلۇغ دەۋرگە موستەحىق ۋە حازرغى چاغدا
ئولكە ئالدىدا ئىجتىماعى قورىلىش يوليدا كىرەكلى بۈـ
يۈك ۋەزيفەلەرنى بەجەرىشكە حازرلانغان كىشى بولىشى
ئۈچۈن ئوقۇتغۇچى ئوزىنىڭ نەزەرى سەۋيەسىنى يوكـ
سەلتىش يولىداغى ئىشى هەم شۇ دەرەجە موهىمدىر.

سوز بىلەن بىز بىر نىچە يىللار داۋامىدا مەكتەبنى
ئىسلاح ئىشىنى ئوتكەزەمىز، لېكىن عەمەلدە بو ساھەدە
قىلىغان ئىشىمىز جۇدە ئاز. مەكتەبنى ئىسلاخ ئىشى ئالـ
دىنغا بارمايدى، بىر قانچا دەستورلەر يازامىزدا، شونىڭ
بىلەن كىفايەلەنەمىز. حازردا ئەساسى ئىشىمىز شۇندان
عىبارەت. كـوب ۋاقتدا دەستورنىڭ مەكتەب ئالـدىدا
تۇرغان حەقيقى ۋەزيفەلەرگە موۋافىق بولماغانى مەيـ
داندىر. بۈيۈك تەشەببۇس، هىممەت، تەعلىم، تەربىيەۋى
ئىجادىيەت، تورموش تىلەكلەرىگە جاۋاب بىرەدىگەن سىزـ
گىر، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكدە نەزەرى تامانىدان ياخشى
حازرلەنغان هەم حازرغى ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەعلىماتى
دەرەجەسىدە بـولغان ئوقۇتغۇچىغا مالىك ئىكەنمىز، شۇ
ۋاقتدا مەكتەبنىڭ ئىشلەرى مۇۋەففەقيەتلى بارا ئالىشى
مۇمكىندىر.

بىزنىڭ ۋەزيفەمىز ئوقوتغوچىلارنىڭ فەعالىيەتىنى
ئۆيغاتىش، توغرىدان توغرى ئىجادى ئىشلەرگە مەيىل
قىلدىرىش، تەشەببۇسىنى قوزغاتىشدىر. دارى دەرمانلەر
بىلەنگىنە بۇنگە ئېرىشمەك مومكىن ئېمەس. قىشلاقدا ئوـ
قۇتغۇچىلار ئاراسىدا ئىشلەش ئۈچۈن تايانچ بازا (ئوـ
رونلارى) سى مەيدانغا كېلتىرش مەسئەلەسىنى جىددى

ئېتىب قويىش كېرەك. بوندای تايانچ بازالار بىلەن مەكـ
تەبلەردە ئۇسۇل ئىشلەرى ۋە ئوقۇتغوچىلار ئاراسىداغى
ئىشلەرنى تايانچ مەكتەبلەرى بەجەرىشلەرى لازىمدىر.
رەسمىيەت تامانىدان قاراغاندا بۇندای مەكتەبلەر بار،
لېكىن، عەمەلى هېچ بىر ئىش قىلمايدىلار. ئولەر تۇرـ
مۇشقا مۇۋافىق ئېمەس، بەلكى جانسىز تەشكىلاتلاردىر.
تايانچ مـەكتەبلەرنىڭ تۇرمۇشقا مـۇۋافىق بولماغانلىقـ
لارنى ئـولەرگە نا توغـرى قاراشنىڭ داۋامىدان
كېلىسە كېرەك. تايانچ مەكتەبلەرىدەن ئـورگەتىسىنـ
لەر، عاددى مەكتەبدەن يـۇقارى تورسۇنلار، هەممە
مەسئەلەلەر توغرىسىدا مەسلەحەت بېرەدىگەن شورالار
خزمەتىنى كورسەتىشنى تەلەب قىلىشغا كىرىشدىلەر. بۇ،
ئەلبەتتە، تايانچ مەكتەبنىڭ كۈچىدەن كېلمەيدى ۋە ئىش
ئۈچۈن زەرەرلىدىر. نەتىجەدە تايانچ مەكتەبلەرى تۇرـ
مۇشغا مونلەقا يارامايدىغان بىر مەكتەب حالىغا كېلدىلەر.
شۇنىڭ ئۈچۈن تايانچ مەكتەبى توغرىسىدا باشقا بولغا
باسىشىمىز، هەممە ئوقۇتغۇچىلارنىڭ كەللىكتىيف بولىب
ئىشلەشلەرىگە بازا بولا ئالۇرلىق ماددى ئىمكانىيەتلەر
توغدىرىشىمىز كېرەك. بونىڭ يۈزەگە چىقارىلىشى ئۈچۈن
ئۇندە تەعلىم ـ تەربىيەۋى كوتىبخانەلەر تەشكىل قىلىش،
ئۆلكەنى ئورگەنىش موزىلەرى ئويوشتىرش ۋە هـەممە
ئوقۇتغۇچىلارنىڭ فايدالانا ئالىشلارى ئۈچۈن ياردامچى
بولادىغان نەرسەلەر بىلەن تەئمىن قىلىش زەرور بولادى.
تايانچ مەكتەبلەرىگە ئوقۇتغۇچىلارنى جۇدە ئىختىيات بىلەن
تانلاش كېرەك. تايانچ مەكتەبلەرىنىڭ ئوقـۇتغۇچىلارى
تەشەببۇسكار، جىددىيەتلى، ئىنقىلابى روحدە تەعلىم ـ تەرـ
بىيەۋى حازرلىگى بولغان ئوقۇتغۇچىلار جۇملەسىدەن
بولىسىنلار. ئۇنىڭ ياخشى دىپلومى بولماسلىغى، ساقـ
لىق كوب مەعلوماتى يوقلىغى هېچ نىمە ئېمەس، بەلكى
ئۇنىڭ عىلمگە مۇھەببەتى، سېزگولىگى، ئورگەنىشكە، ئىشى
بارغان ۋاقتدا ئورگەنىب ئالىشغا ئىستىعدادى بارلىغى
مۇهىمدىر. تايانچ مەكتەبلەرى توگەرەك ئىشلەرىنى تەشـ
كىل قىلىب، ئوقۇتغۇچىلارنىڭ كەنفىرىنسيەلەرى بىلەن
برلەشەدىگەن مەركەز بولىشلارى لازىم.

تايانچ مەكتەبى، ئالدىداغى توگەرەكلەرنىڭ ئىشـ
لەرى توغرىسىدا بىر نېچە سوز ئەيتىشكە توغرى كېلـ
دى. تايانچ مەكتەبلەرى ئالـدىداغى توگەرەكلەرنىڭ
تېگىشىنچە ئىشلەمەگەنلىكلەرىگە كوپ ئۇچرالادى. ئۇلەردە
بىر، ئىككى ئورتاق فەعالىيەت بىلەن ئىشلەيدى، قالغانلارى

ئېسە ئىشكە ساۋۇق قان بىلەن قارايدىلار، بۇن-
دەي ئەھۋالنى ئەلبەتتە يوقاتىش كېرەك. ئوقۇتغۇچىلار-
نىڭ كەنفىرىنسىيەلەرىنى تەشكىل قىلىش ئىشىگە ھەم،
ئەھەممىيەت بېرىش كېرەك. بونىدە ھەم بىر قانچا كەم-
چىلىكلەر بولىب، ئوقۇتغۇچىلار، كەنفىرىنسىيەلەردە ئىشكە
ئىعتىبار قىلماغانلىقلارى كورىنەدى. بۇنىداي كوڭلىسىز
ئەھۋالنى يوقاتىش ئۈچۈن كەنفىرىنسىيەلەرنى ئوقۇتغۇ-
چىلارنىڭ ئىشكە ھەۋەسلەرىنى قوزغاتادىغان، كەنفىرىن-
سىيەنىڭ ئىشلەرىنى دالتون پىلانىغا يافىلاشتىرادىغان
ھالدا تەشكىل قىلىش زەرور بولادى. بوندان تەمامەن
دالتون پىلان كىرگىزىش كېرەك دىگەن سوز ئاڭلانماسىن،
بەلكى سوحبەتلەر ئوتكەزىش، مەدخەل رەۋىشدە زەدەنىيە-
لەر بېرىش، ئۇلەرنى توگەرەكلەردە ئىشلەب چىقىش، بىر
فىكرگە كېلىش سوحبەتلەرى ئوتكەزىش، ئەلبەتتە زەروردىر.
ئۇگەرەك ۋە ئوقۇتغوچىلارنىڭ كەنفىرىنسىيەلەرىدە
حازىرغى چاغدا ئەساسى ئىشلەرنىڭ قانداي مەسئەلەلەردەن
عىبارەت بولىشى توغرىسىدا بىرنېچە سوز ئەيتىش كېرەك.
بىزنىڭ فىكرىمىزچە 1928/29 نچى ئوقۇش يىلى
ئۈچۈن قويىلاغىلار كوندەلىك مەسئەلەلەردەن بولادىلار:
ئىجتىماعىيەت سېكلىدەن قىشلاق خوجالىغىنى
كەللىكتىفلەشتىرىش، ئىككى دەرەجە حاسىلات ئالىش، قىش-
لاقدا ئىشلەش، ئوك ئاغماچىلىق قورقىنچىغا عائىد
مەسئەلەلەر توغرىسىدا فرقە پلىنوملەرىنىڭ قارارلارىنى
ۋە ئەھالى ئورتاسىدا دىنگە قارشى تەشۋىقات، مەكتەبدە
دىنگە قارشى تەربىيە توغرىلارىداغى مەسئەلەلەر.
تەعلىم - تەربىيەۋى مەسئەلەلەردەن - بۇ دەۋر
ئۈچۈن مۇھىمراق بولغانلارى قويىلاغىلار: كومپلېكس-
لەرنى مەلەكەلەر بىلەن مەحكەم باغلاب يورگىزىش مەس-
ئەلەلەرى، مەكتەبلەرنىڭ جەماعەتكە فايدالق ئىشلەرىنىڭ
فۇرمە ۋە ئۇسۇللارى، ئوقۇغوچىلارنى ئىجتىماعى، سىيا-
سى تاماندان تەربىيە قىلىش فورمە ھەم ئۇسۇللارى.
تايانچ مەكتەبلەرنىڭ ئىشلەرىنى سىياسى مەركەز-
لەر بىلەن باغلاب يورگىزىش زەرور، چۈنكى ئىشلەر
ئۇلەر بىلەن مەحكەم باغلانغاندا، ئىشلەرنىڭ تەرتىبسىز
بارىشىغا سەبەب بولغوسىدىر.
ئوقۇتغۇچىلارنىڭ ئىجتىماعى ۋە سىياسى ئىشلەرى
توغرىسىدا بىر نېچە سوز ئەيتىش كېرەك. بىر مۇنچە
ئوقۇتغۇچىلار، ئوقۇتغۇچىلارنىڭ ئىجتىماعى سىياسى
ئىشلەرىنى ۋە مەكتەبنىڭ ئىجتىماعى سىياسى ئىشلەرىنى
بىر بىرىگە باشقا بولغان ئىككى خىل ئىش دېب قارای-
دىلار. بۇ، ئەلبەتتە، نا توغرى. بوندا ياشلارنىڭ ۋەزى-
فەلەرىنى تەسۋىر قىلىب ئەيتكەن ئورتاق لېنىن نىڭ
سوزلەرىنى ھەر ۋاقتدا ئېسكە تۇشورىش كېرەك. ئو
قويىلاغىچا ئەيتكەن ئېدى: «مەكتەبنىڭ ئىشلەرىنى شون-
داي قويىش كېرەك بولادىكم، ئول ئىشلەردە ھەر بىر
منوتدا عۇمۇمى سەعادەتكە جوناتىلەدىگەن عەمەلى ۋەزى-
فەلەردەن قانداي لارى بولسا، ھەل قىلىنسىنلار». بىزنىڭ
مەكتەبىمىزگە كىرگىزىلىشى لازىم بولغان بۇ يول، ئوقۇت-
غۇچىلارنىڭ ئىجتىماعى، سىياسى ئىشلەرىنىڭ مەركەزى
بولادى. ياخشى ئوقۇتغۇچى جەماعەت ئىشىنى، فەقەت،
ئوزىگىنە بېجەرىب قالماسىدان، بەلكى، بالالاردا ھەم، جەما-
عەتچىلىك مەلەكەسى ئورۇنلاشتىرادى.
مەكتەبنىڭ جەماعەتكە فايدالى ئىشلەرى قىسمىدە
ئەساس بولغانى، ھېچ شۇبھەسىز خوجالىقنى كەللىكتىف-
لەشتىرىش ئىشلەرىدە مەكتەبنىڭ ئىشتراكى، 1928/29
نچى يىلدە ئوتكەزىلەدىگەن بىر تالاى ئىجتىماعى، سىيا-
سى مەعرەكەلەردە ھەم ئىشتراك قىلىشدىر. سىياسى تا-
ماندان ئەھەممىيەتلى مەعرەكەلەر: شورالارغا سايلاۋ، كەم-
سەمول تەشكىلاتلەرى تاماندان ئوتكەزىلەدىگەن كەم-
پەنىيەلەردەن مەدەنى يورۇش، مەكتەب فايداسىگە شەن-
بەلىكلەر ۋە باشقالار.
بۇ، مەعرەكەلەردە مەكتەب ھەم ئوقۇتغۇچىلار ئېك
فەعال رەۋىشدە قاتناشىشلارى لازىم، قىشلاق خوجالىغىنى
كونەرىش ۋەزىفەلەرىنى حەل قىلىشدا مەكتەبنىڭ عەمەلى
ئىشتراك قىلىشى مومكىن بولىشى ئۈچۈن مەكتەبلەر
ئالدىدا يېر ئوچەستكەلەرى تەشكىل قىلىش توغرىسى-
داغى ئىشلەرگە جىددىيەت بىلەن كىرىشەكلەرى زەرور.
ياقىن يىللاردا حاسىلاتنى ئىككى مەرتەبە ئاشىرىش كېرەك-
لىگى توغرىسىداغىنا سوزلەش كىفايە قىلمايدى، بەلكى،
بۇنىڭ قانداي يوللار بىلەن يۈزەگە چىقارىلىشىنى عەمە-
لى رەۋىشدە كورسەتىش كېرەك. مەنە بۇ ساحەدە ئىش
جۇدە يامان. مەكتەب ئالدىدا بولغان يېر ئوچەستكەلەرى
ھېچ بىر قەناعەت قىلماسلىق حالدا بولىب، كوپىنچە مەك-
تەبكە قارشى جانلى تەشۋىقات خىزمەتىنى ئوتەيدىلەر.
چۈنكى، مەكتەب ئالدىداغى يېر ئوچەستكەلەرىنىڭ خو-
جالىغى، ئىشى ئېك زەعىف بولغان خوجانىڭ ئىشىگە
قاراغاندا ھەم، ياماندىر. مەكتەب ئالدىداغى ئوچەستكە-
لەرنىڭ ئىشەرىدە ئوقۇتغۇچىلاردان كېك رەۋىشدە

فايدالانش كېرەك، قىشلاق ياشلارى، قىشلاق ئەھالىسىنىڭ
ھەممە تەبەقەسىنى كوبرەك جەلب قىلىش زەرور. مەنە
بۇ ئېسە ئوسمۇرلەر بىلەن بولادىغان ئونوملىك ئىش ۋە
مەكتەبنى ئەھالىگە ياقىنلاشترغوسىدىر.

تايانچ مەكتەبنىڭ ئىشلەرىنى تەشكىل قىلىش ۋە
ئۇلەرنىڭ ئۇسۇللارى توغرىسىدا بر نىچە سوز ئەيتىش
كېرەك. مەكتەب ئارقاسىدا ۋە ئونىڭ تۇرمۇشىداغى
فورمە ھەم مەنفەعەتلەر بىلەن جانلى باغلانش سايەسىدە
مەكتەب، ئولكەنى خوجالق تامانىدان يوكسەلتىرشدە،
ئونىڭ خوجالىق حەياتىدە مۇھىم عامىللەردەن برىسى
دېب تانىشىمز لازىم بولادى. فرقە بونى ئاڭلادى ۋە
ئاچىق باھا قويدى. ئوقۇتغۇچى قىشلاقىنىڭ تەشۋىقات.
چىسى ۋە تەرغىباتچىسى دىگەن مەشھور «قەزىيە» نى
قىشلاقىنىڭ مەدەنى مەعارف ۋە خوجالق، ئىقتىسادى،
تەرغىبات مەركەزىنىڭ بر قىسمى بولغانىنى تەستىقلەش
دېب بىلىش كېرەك. شۇنىڭ ئۇچۇن مەكتەب ئولكەنى
خوجالق، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىماعى سىياسى يوكسەلشىدە
حازرغى زامان تەلەبلەرى دەرەجەسىگە باسىشى لازىمدر.
بزنىڭ خوجالىغىمز ۋە سىياسى يوكسەلشىمزدەگى
ھەر بر يەڭى قەدەمنى مەكتەب ئۇشلەشى ھەم شۇنگە
يەرەشە ئىشنى ئوزىشى كېرەك. بو، مەكتەبنىڭ موستەھ.
كەم پروگرەممە، ئىش موندەرىجەسى ھەم ئۇسۇللارىغا
ئېگە بولىشى لازىم ئېمەس ئېكەنىنى كورسەتمەيدى. ئو.
قۇتش ئۇچۇن مۇستەحكەم پروگرەممە ھەم ئۇسۇللار
قالادىلار. مەكتەب حازرغى تارىخى چاقدا قانداى نەرسەگە
ئايرىچا ئەھەممىيەت بېرشنى كورە بىلىشى لازىم.
بۇ فىكرنى ئاچىق قىلىب كورسەتىش ئۇچۇن، فەقەت،
بر نوقتادا توختالىب كېتەمز. حازرغى چاغدا بزنىڭ
شۇعارىمز قىشلاق خوجالىغىنى كەللېكتىفلەشترش،
كەمبەغەللەرنى تەشكىل قىلىش ۋە قىشلاقىنىڭ مۇشتوم.
زورلارىغا ھۇجۇمدىر. شۇنداي بولسا ھەم، بۇ شوعارلەر.
نىڭ ئاچىق بولىشىغا قاراماسدان قىشلاق مەكتەبىنىڭ بو
ۋەزىفەلەردەن چېتدە تورغانلىغىنى كورەمز. حالبوكى،
ئىشلەش ئىمكانىيەتلەرى بولغاندا، مەنە شو ساحەدە جە.
ماعەتگە فايدالى ئىشلەرنى كېڭەيتىشى لازىمدىر. مەكتەب،
حازرغى زەمانىڭ تەلەبلەرنى ئۇشلەشى ئۇچۇن مەك.
تەبنىڭ يولباشچىلارى بولغان ئوقۇتغۇچىلار، بۇ تەلەب.
لەرنى ئۇشلەشلەرى زەروردىر. ئوقۇتغۇچىلار، فەقەت
شورا سىياسەتىنىڭ ئەساسلەرى، تېۋەرەگىدە نەرسە

بولغانىنىغىنا توشىنىب قالماسدان، بەلكى قىشلاقنى قايتا.
دان ئوزىش ۋە مەدەنى تامانىدان يۇكسەلتش مەقسەدى
بىلەن ئونىڭ خوجالق ھەم ئىقتىسادى ئىشلەرىگە تەئسىر
قىلىشلارى لازىمدىر. مەنە بۇلەرنىڭ ھەممەسى ئوقۇت.
غۇچىلارنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى يۇكسەلتش ھەم بۇ
ئىشنى رېجە بىلەن ئالىب بارىش مەسئەلەلەرىگە كوب.
رەك ئەھەممىيەت بېرىش زەرور ئېكەنىنى كورسەتەدى.
مەقالەنىڭ باشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى
يوكسەلتىشدە تايانچ مەكتەبى مەركىز بولىشى ۋە ئۇلەر.
نىڭ مەعلوماتلەرىنى كۆتەرشدە خازرغى چاغدا قانداي
عەمەلى ۋەزىفەلەر ئالدا تورغانلىغى توغرىسىدا ھەم،
ئەيتدىك. فەقەت، بونىگىنە ئەيتىب، نوقتا قويش نا توغرى
بولور ئېدى. بۇ ئىشكە موستەحكەم رەۋشدە بر خىل
يولباشچىلق كورسەتىش كېرەك. حالبوكى، ئوقۇتغوچىلار.
نىڭ مەلەكەلەرىنى يوكسەلتىش ئىشىگە يولباشچىلىق قىلىن.
مايدى. ئوكروگ ئۇسۇل شورالارى بۇ ئۇلۇغ ۋە ئەھەممىيەتلى ئىشدەن چېتدە تورادىلار. ئۇلەر بۇ ئىشكە
رەھبەرلىك قىلىشقا يافىندان ئىشتىراك ئېتىشلەرى ۋە بۇ
ئىشنىڭ تەرتىبلى بارىشى ئۇچۇن ھەر بر ئوكروگدە
بر خىل پىلان بولىشى لازىم. بۇ ئىشلەرگە يولباشچىلق
قىلىش ھەم كومەك بېرىش توغرىسىدا خەلق مەعارف
كەمىسەرلىگىگە ھەم، بر مونچە ۋەزىفەلەر يوكلەتىلىشى
كېرەك بولادى.

بۇ ئىشدە خەلق مەعارف كەمىسەرلىگى تامانىدان
كورسەتىلەدىگەن ئەساسى ياردام بزنىڭ فىكرىمزچە ئو.
قۇتقۇچىلارغا باشلىچا يېرلى ئوقۇتغۇچىلار ئۇچۇن يار.
دامچى بر قانچا كىتابلار نەشر قىلىشدىر. حازردا بز ئېگە
بولغان تەعلىم ــ تەربىيە ئەدەبىياتىنىڭ باشلىچا روس
تلىدە بولغانلىغى مەخفى ئېمەس، شۇنىڭ ئۇچۇن ئو،
عاممەۋى ئوقۇتغۇچىغا كوب ۋاقتدا ئاڭلاشلمايدى.

ئوقۇتغۇچىلار ئۇچۇن ئانا تلىدە ئۇسۇل ئەدەب.
ياتى نەشر قىلىش مەسئەلەلەرىگە ئاز ئەھەممىيەت بېرىل.
گەنىدەن، ئۇلەرنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارلەرىنى كوتەرش
ساحەسىدە بر تالاي يېتىشسىزلىكلەر بارلىغىنى كورەمز.
ئوقوتغۇچىلارنىڭ مەعلوماتلەرىنى يوكسەلتش تەعلىم ــ
تەربىيەۋى مەسئەلەگىنە ئېمەس، بەلكى سىياسى ئەھەم.
مىيەتگە ئېگە بولغان جىددى مەسئەلەدىر. بو مەقالەمزدە
كورسەتكەنىمزچە ئوقوتغۇچىلار ئۇچۇن ئەدەبىيات نەشر
قىلش مەسئەلەسى ياقىن ۋاقتدا قويىلىشى لازىمدىر.

1928/29 نچى يىلدا ئوقۇتغۇچىلارنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى يۈكسەلتىش ئىشى كېچىكتى، لېكىن، شۇنداي بولسا ھەم، ئوقۇش يىلىنىڭ بارىمىدان بۇ يولدا قىلىنادىغان ئىشنى باشلاش كېرەك. كېلگۈسىدە ئېسە، بۇنى ئوقۇش يىلى بىلەن بىر ۋاقتدا باشلاب، بۇتۇن ئوقۇش يىلى داۋامىدا ئالىب بارىشىمىز لازىمدىر. شۇنداي قىلماغاندا بىزنىڭ مەكتەبنىڭ ئىشلەرى حازىردا سودرەلگەنىدىك ئىشچى سىنفىنىڭ سىياسى ھەم خوجالىق ۋەزىفەلەرىنىڭ دومىدە سودرەلگوسىدىر. بۇ ۋەزىفەلەر حەل قىلىنماسا، مەكتەب ھەم ئوقۇتغۇچىلار بۈيۈك ئىجتىماعى قۇرىلىش دەۋرىنىڭ ئىسمىگە موستەحىق بولماسلار.

كوزىرف.

# ئۆلكە سىياسى مەعارف كېڭەشىنىڭ يەكۈنلەرى

شۇ يېكەبىر ئايىنىڭ باشلارىدا ئۆزبېكستان سىياسى ئاقارتىش ئىشچىلەرىنىڭ جۇمھورىيەت كېڭەشى بولىب ئۆتدى. بۇ كېڭەش جۇمھورىيەتىمىزدەگى مەعارف مەدەنىيەت ئىشلەرىنىڭ تېز يۈكسەلىش يوللارى، سىياسى مەعارف ئىشچىلەرىنىڭ ئۆسىش چارالارى توغرىسىدا بىر مۇنچە قەتعى دېرېكتىۋلەر بېردى.

مەملەكەتنى سەناعەتلەشدىرىش، قىشلاق خوجالىقىنى مەدەنى ئەساسدا قايتادان تۈزىش، كەلخوز، ساۋخوز ئىشلەرىنى ئىلگەرىلەتىش ئۈچۈن ئىشلەيدىگەن مايىلەر حازىرلاش زەرور ئېكەنىن ئاچىب كورسەتدى.

كېڭەشنىڭ كۈن تەرتىبىدە - ئۆزبېكستاندا مەدەنى ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىفەلەرى، شورالارغا سايلاۋ مەعرەكەسى مۇناسەبەتى بىلەن عاممەۋى سىياسى مەعارف ئىشلەرى، ساۋادسىزلىقنى بىتىرىش ئىشلەرىنى يەڭى ئەلىفبې بىلەن تېزلەتىش، س / ب ئىشلەرىنى 28 - 29 نچى يىلدا ئىشلەب چىقارىش پىلانى، ئۆزبېكستاندا ئۆتكەزىلگەن ساۋادسىزلىقنى بىتىرىش يەڭى ئەلىفبېنى عاممەلەشتىرىش ئايىنىڭ تەخمىنى يەكۈنى، ساۋادسىزلىقنى بىتىرىش يولىدا ئۇسۇلى جېھەتدەن يولباشچىلىق قىلىش ئىشى كېبىن بىر مۇنچە مۇھىم مەسئەلەلەر بار ئىدى.

كېڭەش ئۈچ كۈنلىك ئولتىرىشىدا يۇقارىداغى مەسئەلەلەر حەقىدا كېڭ ئۆتكۈر فىكر يۈرگۈزدى. ھەر بىر مەسئەلە ئۈستىدە مەحەللەرنىڭ فىكرىنى ئىڭلاب مەحەللەردە بولىب تۇرغان كەمچىلىكلەرىنى ئايدىنلاشدىرىلدى.

ئۆزبېكستان خەلق مەعارف كەمىسسەرى ئورتاق رامىزنىڭ **ئۆزبېكستاندا مەدەنى ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىفەلەرى** دېگەن مەعروزەسى كېڭەشكە جۇدە ھەم روح بېردى.

بۇ - مەعروزە بىلەن كېڭەش، ئۆزبېكستاندا خەلق مەعارفىنىڭ تۇتغان ئورنى، خەلق مەعارفىنىڭ بۇ كۈنگەچە كېچىرگەن ئەحۋالى، مەعارف جابھەسىدە بولىب تۇرغان يېتىشمەسلىكلەر ۋە بۇ كۈنگەچە خەلق مەعارفىدا بولغان مۇۋەففەقىيەتلەر سانالىب ئۆتدى.

كېڭەش، مەكتەبلەرىمىزگە باتراق ۋە كەمبەغەل بالالارنىڭ يېتەرلىك سورەتدە جەلب قىلىنماغانىنى سان جېھەتدەن يېتەرلىك بولسا ھەم، سىفەت ياغىدان ئەنچە كەمچىلىكلەر بارلىغىنى، ئورتا مەكتەبلەرىمىزدە مەحنەتكەش بالالارىدان ئەساسى مۇتەخەسسىسلەر حازىرلاش ئىشىنىڭ ياخشى بارماغانلىغىنى ۋە بۇنگە بۇندەن سوڭ مەكسىموم ئەھەممىيەت بېرىشنى تەئكىدلەب ئۆتدى. سىياسى مەعارف ئىشلەرىنىڭ كەلدەگى ۋەزىفەلەرى، تەعلىم - تەربىيە ئۇسۇل ئىشلەرىدە كورىلىب تۇرغان كەمچىلىكلەر، عومومى مەجبورى تەعلىمنى يۈزەگە چىقارىش شۇنىڭ بىلەن بىرگە خالق مەعارفىگە چىقارىلغان ئاقچانى ئورىنسىز يېرلەرگە سەرف قىلىشدان ساقلانىش ۋە عامانى مەكتەب بىناسى سالىش ئىشلەرىگە جەلب قىلىش كەبى ئىشلەر توغرىسىدا كېڭەش جىددى ئىش كوردى. كېڭەش، ساۋادسىزلىقنى بىتىرىش ئىشىدە بۇ كۈنگەچە موعەييەن بىر پىلان يوقلىغىنى ئىعتىبارغا ئالىب مەخسوس پىلان تۈزىش ۋە بۇ ئىشگە جەماعەت تەشكىلاتلەرىنى ئۈيۈشدىرىب ئۇلەردەن ماددى ياقدان كومەك ئالىشنى لازىم تاپدى.

ساۋادسىزلىقنى بىتىرىشدە مەكتەبگەكىنە قاراب تۇرماسدان بەلكى يەككە گرۇپپە بىلەن ئوقوتىش ئىشلەرىنى تېزلەتىش، يەڭى ئەلىفبې ئۆرگەنىش توگەرەكلەرى تۈزىش، بۇنىڭ تەشكىلى، ئۇسۇلى تامانلارىغا رەھبەرلىك قىلىب تۇرىش كېرەك ئېكەنلىگى سۆيلەنىلدى.

مەحەللەردە مەعارف تەشكىلات ئىشلەرى ھەلىگەچە ياخشى يولغا قويىلماغان. رايون مەعارف مۇدىرلەرىنى تەعيىن قىلىشدا بىر مۇنچا ئاڭلاشىلماۋچىلىقلار بار.

ئىكرۇگ مەعارف شۆعبەسى بىلەن كېلىشمەسدەن رەي ئىجراقوملار ئۆزلەرىچە رەيون مەعارف مودىرى تەعيىنلەگەنلەر. نەتىجەدە نا ئەھل كىشىلەر قويىلىب ئۇلەر مەركەز ۋە ئوكروگنىڭ دىرېكتىۋلەرىنى باجارىشدا سەرمايە (بۇدجېت)دەن فائىدالانىشدا، ۋە تېز - تېز ئۆزگەرىب تۇرىش ئارقاسىدا (ئەنجەن كاسان رايونىدا 7 مەرتەبە ئۆزگەرىلگەن) مەعارف ئىشلەرى كوب يېرلەردە چىغرىقدان چىقىب كېتىلگەن.

مەنە بۇنداي غەيرى تەبىعى حاللارغا مۇندەن سوڭ چېك قويىش كېرەك! كېڭەش مەيدە مىللەتلەر مەعارفىگە ئايروچا ئەھەممىيەت بېرىشنى لازىم تاپدى. چۈنكى كوب يېرلەردە مەيدە مىللەتلەر مەعارفىگە تېگىشىنچە ئەھەممىيەت بېرىلمەگەن. ئۇلەرنى كېرەكلى ئەدەبىيات - دەرسلىكلەر بىلەن تەئمىنلەشدە دىققەتسىزلىك بولغان. فاقات 8-1927 نچى يىلداغىدا س/ب مەكتەبلەرى بىلەن مەيدە مىللەتلەر ياخشى تەئمىن قىلىنغانلار.

شۇنىڭدەك خاتىن-قىزلار مەعارفىگە ھەم ئايروچا ئەھەممىيەت بېرىشلەر بولماغان. كېلگۈسىدە بۇنگە كېرەكلى ئەھەممىيەت بېرىش لازىملىغىنى كېڭەش جۇدە زەرور تاپدى. مەدەنى جېھەتدەن قالاق بىر ئۆلكەدە سىياسى ئاقارتىش مۇئەسسەسەلەرىنىڭ ۋەزىفەسى بۈيۈك بىر ئورىندا تۇرىشى تەبىعىدىر.

ئۆزبېكستان جۇمھورىيەتىدەگى سىياسى مەعارف مۇئەسسەسەلەرى قانچا بىر ۋەزىفەنى ئۆتەگەن بولسا ھەم بۇ كۈنگى تەلەبگە كورە كەتتە كەمچىلىكلەرگە ئېگەدىر. سىياسى ئاقارتىش مۇئەسسەسەلەرى سىياسى مەعارف كاممونىزم غايەسىنى تارقاتادىغان بىر مۇئەسسەسە بولسا ھەم ئۆز تېۋەرەگىگە ياخشىلاب جەماعەت فىكرىنى ئۈيۈشدىرالماسلىغى بۇ

جايەدەگى ئىشلەرگە، جەماعەت تەشكيلاتلارينىڭ ھەم ياقندان قاتناش ـ ماسلىغى كەتتە كەمچىلىككە يول ئاچىپ تۇرادىر.

مەنە شۇ ساھەدەگى كەمچىلىكلەرنى تېز كۈندە يوقاتىشنى ۋە جەماعەت تەشكيلاتلارى بىلەن ئىشلەگەندە بۇ نۇقسانلارنى تېز بىتىرىش مۇمكىن ئىكەنلىگىنى كېڭەش ئايروچا كورسەتتى.

حازىرغى شورالارنى قايتادان سايلاش مەعرەكەسىدە سياسى مەعارف مۇئەسسەسەلەرينىڭ رولى ئاغىر ھەم مۇھىمدىر.

مەسەلەن: قولوب، قزل چايخانە ۋە قزل بۇرچەك دىيمەقانلار ئۈيلەريني بېزەتىش، مەخسوس ۋيچىرلەر ئوتكەزىب تۈرلى پىلەكات، دىئاگرامما بىلەن زىنەتلەش كېرەك. مۇندەن باشقا بۇ مۇئەسسەسە ـ لەردە سوئال ـ جاۋاب كېچەلەرى ئوتكەزىب، سەنايع نەفيسە، موسيقا، ديرام، كوك كويلەك، جانلى گەزيتە ئىشلەريگە ئايروچا دىققەت قىلىش لازم.

چۈنكى بۇ يول بىلەن سياسى مەعارف مۇئەسسەسەلەرى عامماغا تاغىدا ياقىنلاشىب ئوزينىڭ ساھەسىدا بىر مۇنچا مۇھىم ۋەزىفەلەرنى ئوتەگەن بولادىر.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەحەللەردە راديو ئىشلەريني يولغا قويىب، سەييارە كينا، كۇتۇبخانە ئىشلەريگە ئەھەمىيەت بېرىش ۋە شۇ ئىشلەردە ئاينىقسا ئىشچى ـ دېھقان خاتىنقزلار عامماسىدان كيك سورەتدە فائي ـ دەلانىب ئولەرنى ھايلاۋ ئىشلەرگە ۋە عوموميى جەمعييەت يۇمۇشلەريگە تارتىش كېرەك.

عامماۋى تەشكيلاتلار يەڭى ئەلىفبې بىلەن ساۋادسىزلىقنى بىتىرىش ئابى مەعرەكەسىدە سۇست ئىشتىراك قىلدىلار.

س/ب بودجەتينى تۈزىشدە مەركەزى ئىدارەلەرنىڭ كورگەزمەسىگە قاراماسلىق بەعزى ئوكروكلەردە 1927-8 يىلغا نىسبەتەن س/ب بودجەتى كەمەيىب كېتدى.

مۇندەن باشقا س/ب مەكتەبلەرى ئوقۇتۇ قوراللارى بىلەن تەئمىن قىلىنمادى.

مەكتەبلەرنىڭ ريمونت ئىشلەرى ئوز ۋاقتىدا باجارىلمادى. كەمـ ـسەمولەر ئاراسىدا يەككە گروپپە بىلەن ئوقۇتغۇچىلار حازىرلاشدا بەعزى ئوكروگلەر سۇستلىك كورسەتدى. ب/س جەمعييەتلەرنىڭ يەچەيكەلەرينى تەشكيل قىلىش ئونگە ئەعزالار توپلاشدا كەتتە كەمچىلىكلەر بولدى. شۇنىڭدەك بىر مۇنچا كەمچىلىكلەرنىڭ كېڭەشىدا تەكرارلانماسلىگى ئۈچۈن كېڭەش ئايرىم يول ـ يورۇقلار كورسەتدى.

شۇنىڭ بىلەن كېڭەش، ساۋادسىزلىقنى بىتىرىش ئىشىدە سىفەت ياغىدان قەناعەتسىز حالدا بولىشىنى، پروغراممىغا عائىد ئىشلەنىب چىققان بىر ئۇسۇلنىڭ يوقلىغىنى، بۇنىڭ نەتيجەسىدە س/ب مەكتەبلە ـ رىدە ئىشلەرنىڭ ئونۇمسىز بولىشىنى، كوزدە تۇتىب تېگىشلى يوللار كورگەزدى.

ئېڭ ئاخىردا كېڭەش مەنە ۋۇييداغى ئەرسەلەرنىڭ عەمەلگە ئا ـ شىشىنى ۋە يۇقارىدا كورسەتىلگەن كەمچىلىكلەر بىلەن بىرلىكدە يوقاتىشنى لازم تاپادى.

عامماۋى س/ب مەكتەبىنىڭ عەمەلى ئىشلەرنى حسابغا ئالىش، پروغراممانى مەحەللى شەرائىتگە تەتبيق قىلىب ئۇسۇلى جەھەتدەن ئىشـ ـلەب چىقىش، ئوقوچىلارنى س/ب مەكتەبلەرى ئارقالى عەمەلى ئىشلەرگە تارتىش، يەككە گروپپە بىلەن ئوقوتىش ئىشلەرنى نەتيجەلى بىر ئۇسۇلگە قويىش، س/ب موعەللىملەرى ئاراسىدا ئۇسۇل كەنفرينسەلەرى ئوتكەزىب ئولەرنىڭ مەعلوماتلارينى ئاشىرىش ۋە شۇنىڭدەك بىر مۇنچا مۇھىم تەكلىفلەر قالدىردى.

ئېندىلىكدە بىزنىڭ ۋەزيفەمىز مەنە شۇ قارارلارنى ئورگەنىب تۇرمىشدا بارلىقغا چىقارىش ۋە بۇ يولدا فەعاليەت كورسەتىشدىر.

م. حامدوف.



ياقندا بولوب ئوتكەن سەمەرقەندە ئوكروگ سياسى مەعارف ۋە س/ب ئىشچىلەرنىڭ بىرىنچى كېڭەش مەجلىسى




# پېداگوگیه[1]

(педология)

ن. رەجەبزادە.

فەننی تەربیه-پەدەگوگیه-دۇنیاسىدە جۇدە كەتتە مەۋقىع تۇتۇب، بۇتۇن پېدەگوگەلەرنی ئوزیگە جەلب ئېتكەن بر فەن بولسا، ئۇ هەم پېدەلـوگیه (педо-логия) در.

پېدەلوگیه دیگەن بر ئىستلاحنی سیرە ئىشلىتمەگەن یاش ئۇقۇتقۇچىلارىمز بىلەن شۇ حەقدە بر ئاز گەپلەشىب ئوتىشنی فایداسىز كۇرمەدك.

پېدەلوگیه فەننی نىمەدەن بەحسلەشەدى؟ دیگەن سورااقا شوندای جاۋاب بېرسە بولادى:

پېدەلوگیه دیب بالانىڭ مەعلوم بر موخیت ئىچیدە ئالغان تەربیەسىدەن كېلیب چىققان عادەت، خۇلق ئوز-ئوزىنى نۇتا بىلیش ۋە ئایرم خۇسۇسیەتلەرىنی ئۇرگەنىشگە یاردام بېرە دیگەن، ۋە بۇلەرنىڭ توب-تامۇرىن تېكشىرىشگە، ئۇرگەنىشگە، هەمدە شو ئۇرگەنىشلەر نەتیجەسىدە مەعلۇم بر نوقتاغا توختالیب، بر فكرگـە كېلیب ئۇنگە قارشى تېگشلك چارالار كورىشگە یول ئاچادىغان فەنگە، پېدالوگیه فەنی دیب ئەیتىلەدى.

پېدەلوگیەنىڭ كورسەتكەن یوللارى ۋە پرەگرەممەلەرى بىلەن یاخشى تانىش بولغاندا ۋە ئوشەلەر بویىنچا ئىشلەگەندە گىنە، ئونۇملك نەتیجەلەر ئالىشقا، یەعنى بالالاردا‌غى خۇسۇسیەتلەرنی ئۇرگەنىشكە مۇمكن بولۇر دیب بولادى. مەسەلەن: بالاداغى تۇشىنىش- ئوزلـەشدىرىش ئۇرگەنگەن نەرسەسىنی خاتىردە ساقلاش ئىشىگە هـەم موحیتدەگی تۇزداش شەرتلەرىگە بولغان مۇناسىبەتلەرىنی شۇنىڭ دیك ئۇندەگی عادەت خۇلق خۇسۇسیەتلەرىن ئۇرگەنیب بولادى.

بالانی ئورگەنىش- ئوزىنی چىن ئۇقوتقۇچى-موربىي دیب ئاتاغان هەر بر كشىنىڭ برنچی ۋەزیفەسىدر. نېگە كم ئوقۇتقۇچى بولغان كشى، پېدالوگیه بىلەن یاخشى تانىش بولیب بالاداغى یېتشمەسلكلەرىنی سېزیب، ئونگە قارشى چارا كورىب، بالانی توزەتیب تەبیعی بر حالگە كېلتىرە ئالادر. ئەگەر، ئوقوتقۇچى شو نەرسەدەن مەحروم بولسا، ئۇ‌پەللەدە ئۇنگە تېگشلك چارا هەم كورە ئالمایدى، بالاغا كېرەك بولادىغان تەربیەنی هەم بېرە ئالمایدى. بېرگەن بىلمی، تەربیەسی بالا ئۇچۇن یا جۇدە ئاغر، یاكی جودە یېڭل بولیب، بالانىڭ مەكتەبدە ئوتكەن عۇمرىنی بوشقە ئوتكەزگەن بولور. بۇنىڭ بىلەن ئوقوتقۇچى، ئوز ۋەزیفەسىنی ئوتەلمەگەن بولیب، بالانىڭ بوزىلىشىغا سەبەب بولغان بولادى. مۇنە مۇندای حال نەتیجەسىدە بالا بىلم، تەربیه ئالىش ئورنىغا نادان، هېچ بر ئىشگە یاراقسز بر بوسۇندە بولیب قالادى.

شۇ ئەحواللەرنىڭ بولماسلىغى، بالانی كېرەكچە تەربیەلەش ئۇچۇن بالا تەربیه ئېتكوچىنىڭ پېدالوگیه بىلەن تانىش بولىشلارى لازمدر.

فیزیكە بىلەن ریازییات-مۇهەندس ۋە ئېخنىكگە قاندای فایدا بېرسە، پېدەلوگیه فەننی هەم پېداگوگگە ئوشانداق، بەلكی، ئوندان هەم ئارتق فایدا برەدر. فیزیكە مۇهەندسگە تەبیعی قانونلارنی ئورگەنگەندیك، پېدالوگیه هەم پېداگوگگە تەبیعی قانونلارنی ئورگەتەدى. براق، بۇ ئورگەنىلە دیگەن تەبیعی قانونلار بالانىڭ موخیتیدە بولادى. ئۇ، ئوزیدە ماتریالنی بالادان هـەم بالانىڭ موحیتىدەگی نەرسەلەدەن گىنە ئالادى. شۇ تىلەك بىلەن ئۇ (پېدالوگیه) بالانی هەر تاماندان تېكشىرىب ئورگەنیب سىنەلەدى.

1) بۇ ماقالانی یازشدا ئېبروغلو بېركچەننەنىڭ «قىسقاچا پېدەلوگیه» دیگەن ئەسەرىدەن تولا فایدالانىلغان.

قىسقاسى پېدالوگىيە بالاغا بولغان بۈتۈن ھاللارنى
تېكشىرىپ، ئوقۇتغۇچىلارغا بالانى ئورگەنەدى، بالانىڭ
كۈچىگە يارىشا ماتېرىيال بېرىشنى كورسەتەدى. يەعنى،
بالا توغرىسىدا ئوقۇتغۇچىلارغا رەھبەرلىك ئېتەدى.

## پېدالوگىيەنىڭ تارىخى.

پېدالوگىيە فەننى جۇدە ياش بىر تارىخقا ئېگەدىر.
ئۇ، كوب ئېمەس 1786 نچى يىللاردا گىنە نېمىس عالىمى
«تىدىيمان» تامانىدان تۈزىلىپ، 20 نچى عەسىر باشلا-
رىدا ئوزىگە تېگىشلىك ئورۇننى ئالا بىلدى. پېدالوگىيە
مەنە شوندا'ي ياش بولىشىغە قاراماسدان، كېينگى كۈن-
لەردە ئۇ ياخشى گىنە يېتىشگەن بىر فەن سانالادى. پېدالوگى-
يەنىڭ بۇ يۇسۇن بىردەن يۇكسەلىشىگە «ھولتىس» «لوبىش»
«كەسمە ئول» «سىكز موند» «گېربەرت» دىك بۈيۈك
پسىخالوگ عالىملارىنىڭ ھارماي-چارچاماي خىزمەتلەرى
سەبەب بولغاندىر، رۇسىيەدە بۇ يولدا خىزمەت ئېتكەنلەر
«تاشىچېنكو» «نېچايوف» «گرىباڭيدوف» ھەم «بلونىسكى»
دىك عالىملار سانالادى.

## «گۇس» پروگرممەسى ۋە پىدەلوگىيە.

«گوس تامانىدان تۈزىلگەن پروگرممە ئېسكى
پروگرممەدەن ئىككى نەرسە بىلەن ئايرىلادى:

1) ئىچىدەگى ماتېرىيال بىلەن، 2) ۋەشۇ ماتېرىيالنى
ئورگەتىش ئۇسۇلى بىلەن. پروگرممە، بالالارغا بېرىشكە
تېگىش بولغان بۈتۈن ماتېرىيالنى، بالالارنىڭ كۈچ ھەم
زەۋق قىزىقىشلارىغا قاراپ سايلايدى. بالالارنىڭ كۈچ
ھەم قىزىقىشلارىن پېدەلوگىيە تېكشىرگەنلىكدەن بۇ ياقدان
«گۇس» پروگرممەسى شۇ پېدەلوگىيەگە نېگىزلەنگەن،
دېيپ ھىسابلانادى. ئىككىنچى ياقدان بۇ پروگرممە شۇ
ماتېرىيالنى بالالارغا ئورگەتگەن پەللەدە بۈتۈن بىلىملەرنى
بىر مەۋزۇع ئېتۋەرەگىدە تۇپلاپ «كومپلېكس سىستېمەسى»
بىلەن ئورگەتەدى. بۇنىڭ بۇ سېستېمىنى سايلاشىغا ھەم
شۇ پېدەلوگىيە سەبەب بولادى. شۇنىڭ ئۇچۇن «گوس»
پروگرممەسى شۇ پېدەلوگىيە مىۋەسى دېسەك ھەم بولادى.
ئەگەر، «گوس» «پروگرممەسىنى ئايرىم مەسئەلەلەردە
تەخلىل ئېتىپ تېكشىرسەك بۇ، مەسئەلە يەنە ھەم ئاچىغراق
بولۇپ كورىنەدى. مەسەلەن: ئۇندەگى ئىش، جەمعىيەت،
تەبىيعەت ستونلەرى، ئۇلەرنىڭ بارا-بارا كېڭەيىشى ھەم
ئايرىم كومپلېكسلەرنىڭ تۈزىلىشى ھەممەسى شۇ پېدە-
لوگىيەگە نېگىزلەنگەن

بەعزى بىر مەسئەلەلەرنىڭ پېدەلوگىيە كورسەتكەنىد-
دەن ئارتىق ئېعتىبار گەئالىپ، مەحەللەردە، ھەم بالالارنىڭ
كۈچ ۋەقىزىقىشلارىغا قاراپ ئوز گەرىشگە، پروگرممەنىڭ
ئوزىدە رۇخسەت بېرىلگەندىر. «گۇس» پروگرممەسىدە:
«بۇ، پروگرممە بىلەن ئوقۇتغاندا ئىشلەرنى بالالارنىڭ
كۈچىگە ئولچەش كېرەك» دېيدى. بۇنىڭ بىلەن ھەم
كىفايەلەنمەسدەن پروگرممەنىڭ ئىزاھى ئۇچۇن چىققان
مېتودىكە خەتلەرىدە ئايرىم ماقالا ۋە رىسالەلەردە ئوقۇت-
قۇچىغا بالانى ئورگەنىش مەسلىھەت بېرىلگەندىر.
مەسەلەن: «ئوقۇتغۇچى كوپچىلىك-كەللېكتىف بىلەن ئىش-
لەنەدىگەن ئىشنى بالالارنىڭ كۈچىگە تېگىلەشدىرىش كېرەك»
«كومپلېكس بالانىڭ كۈچىگە يارىشا ھەم ئۇنىڭ دىققەتىنى
جەلپ ئېتە دىگەن بولسىن» «ئوقوتغۇچى بالالارغا زەرەرلىك
ئىشلەردەن قاچىش ئۇچۇن بالالارنى ئورگەنىشى لازىم»
دىگەن جۇملەلەر بۇ ھەقدەگى كىتابلارنىڭ ھەر سەحىفە-
سىدە كورسەتىلگەندىر. مەنە بولەر پېدالوگىيەنىڭ «گوس»
پروگرممەسى بىلەن قانداي بىر مۇناسىبەتدە ئېكەنىن
ئاچىق كورسەتەدى. شۇلەرنى ئېعتىبارگە ئالىپ «گوس»
پروگرممەلەرى پېدەلوگىيەدەن توغىلغان، ھەم پېدەلوگىيە
يارداىمى بىلەن ئوزىگە تېگىشلىك مەۋقېعنى ئالىپ تۈزەل-
گوسى ۋە توگەللەشگوسىدىر دېيپ بولادى.

ئېندى پېدالوگىيە ئەھمىيەتى ھەقىدا ھەم بىر ئىككى
ئاغىز سوز ئەيتىپ ئوتەيلىك: يۇقارىدا بىر مۇنچە بازغان-
لارىمىزدان مەعلوم بولدىكىم پېدەگوگنىڭ ھەر بىر ئىشىدە
يارداىمچى پېدالوگىيە بولۇپ ئۇنىڭ بالا تەربىيەسى
دۇنياسىدە ھەم مۇۋەففەقىيەتى يەنە شۇنىگە باغلىقدىر.

ئوقوتغۇچىلارىمىز ئوز ئىشلەرىدە، بالانىڭ ئايرىم
خۇسۇسىيەتلەرى بىلەن تانىش بولماغاندا پېدەگوگىيە
مەيدانىدە قانداي زەرەرلەر يېتگىزگەنلەرى دىك، ھۆكۈ-
مەت ئۇچۇن ھەم بىر مونچە ماددى زەرەرلەر يېتگىزگەن
بولادىلار. بۇ ھەقدە بىز قۇيىداغى مىسالنى كورسەتەمىز:

1) ئەكسەرىيەت بىلەن پېدەگوكلەرنىڭ تەجرىبە
ۋە تېكشىرشلەرىگە كورە بالانىڭ ياشى كۈپ ۋاقت مېت-
رىكە ياشىغا قاراپ يورمەيدى. مەسەلەن، بالانىڭ تۇغۇلد-
ىشىغا 9 يىل بولغان بولسا، ئۇنىڭ بەدەنى، عەقلى تامانى
يالغىز 6-7 ياشلىق بالا قەدەر بولىشى مۇمكىن. بونىڭ
عەكسىنچە تۇغۇلىشىغە 9 يىل بولغان بىر بالانىڭ عەقل
ھەم بەدەنى يېتىشگەنلىگى بىلەن 10-ياشلىق قاتارىدا ھەم
بولىشىغا مۇمكىندىر. بۇ توغرىدا مەشھور پېدەگوگ-

بىلونىسكى شۇ مەسالنى كېلترەدى: ئەنگلىز ئالىملەرىدەن بېرەت (берть) نىڭ 1916 نچى يىلدە بالالارنىڭ ياش، ئەقلى تامانلارىنى تېكشىرگەن ۋە شۇنداي نەتيجەنى ئالغاندىر: بېرت شۇ تېكشىرىش ۋاقتىدا بىر يىلدا توغىلغان بالالارنىڭ ئەقلى ھەم جىسمانى تاماندان ھەر خىل بولغانلارىنى يەعنى تۈرلى ياشدا بولغانلارى كورىنگەندىر. مەسەلەن: 11 ياشلىق بالالاردان، يالغىز، % 30'9 گىنە جىسمانى، ئەقلى ياقدان ئونبىر (11) ياشلىق بولغاندىر. شۇلەردەن قالغان % 29 ى 10 ياشلىق، % 10'9-9 ياشلىق % 17'7 12ياشلىق % 62 13 ياشلىق بولىب چىققانىدىرلار.

مەنە بۇ تېكشىرىش نەتيجەسىدەن بىزگە ياشلارى بىر بولسادا بىراق، جىسمانى ھەم عەقلى تاماندان باشقاچا يا كەنتە يا كچىك بولغانلارىنى كورەمز.

يوقارىداغى سفرلەردەن بىز شۇ نەتيجەنى چىقارامز: بىز، مەكتەبلەرمزگە قابول ئېتكەن پەللەدە ئىشنى بالالارنىڭ ياشىغا قاراب سىنفلەرگە بولەمز. مەسەلەن: بىز 8 ياشلىق بالالارنى توپلايمزدە ھەممەسىنى بىر سىنفگە تقىب بارچاسىغا بىر تۈرلى ئىش يۈكلەتەمز. ۋاحالانكى، ئۇلەر يوقارىداغى تەجرىبەگە قاراغاندا گەرچە ھەممەسى 8 ياشلىق بولسالاردا ئارالارىدا 6 ياشلىقلار بولغاندىك 9—10 ــ ياشلىقلار ھەم يوق ئېمەس. يۈكلەنگەن ئىشگە ئۇلەرنىڭ بىر نيچە فائېزى گىنە يارافلىق بولىب قالغانلارى ئېسە بۇ پەللەدە بۇتونلاي بۇزىلىشگە ئىشدەن چىقىشىغا مۇمكىن بولور.

تەبيعى مۇنداي ئەحۋال بىلەن ئىشلەش، ئەلبەتتە، ئوقۇتغوچىنىڭ ئوزىگە ھەم كۇچدىر. قايسى بالا بېرگەن دەرسنى ئوزلەشدىرە ئالسا، ھېچ بىر نەرسە ئاڭلامايدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بىر سىنفدەگى بالالار كېرەك ياش حسابىدەن بولسن، كېرەك قابىلىيەت ياغىدان بولسن تۈرلى بولغان ۋاقتىدا ئىشلەش جۇدە قىيىن بولادى. ھەم ئىشنىڭ مۇنداي كىشى پېداگوگىيە ئىشىنىڭ ئىلگەرى كېتشىگە ئەنچە مانىع بولغانىنى كورەمز.

يوقارىدا ئەيتىلگەنچە بىرسىنفدەگى بالالار ياش تاماندان بەرابەر بولىب عەقلى ــ تاماندان تېكز بولماسالار، ئەلبەتتە، ئۇلەردەن كۇچسزلەرى ئوز سىنفدە قالادى. دېمەك، بىر بالانى بىر يىل ئورنىغا ئىكى يىل ئوقۇتامز. نەتيجەدە چىقىم ئىكى بەرابەر بولادى.

شۇ حال بىلەن بىز بالاغا تېكشىنچە تەربيە، بىلىم بېرە ئالماسدان حۆكۈمەتگە كوب ــ كوب ماددى زەرەرلەر يېتكزگەن بولامز. بۇ توغرىدا بىلونىسكى شۇ مەسالنى كېلترەدى: ئامرىقانىڭ كچىك بىر شەھەرچەسىدە برنچى باسقىچ مەكتەبدە ئوقۇيدىغان ئون مىڭ بالادان 1.400 نەفەرى دەرسنى ئوزلەشدىرمەسدەن ئوز سىنفدە قالغاندىر.

مەنە بۇ، بالالارنىڭ ئوزلەرىگە لايىق سىنفلەرگە بولماغانلىقلارىدىن، يالغىز ــ ياشنى ئېعتىبارگە ئالىب سىنفلەرگە تەقسىم ئېتىلگەنلىكلەرىدىن كورسەتەدى. شۇ ــ 1.400 نەفەر بالا ئۇچۇن بىر يىل ئىچىندە مىڭلەب سەرف ئېتىلگەن ئاقچا بېكەرگە كېتگەن بولادى. باشقاچا ئەيتكەندە بۇ يىل حۆكۈمەتگە ئەنچە زەرەر كېلگەن بولادى. ئامرىقادىك مەدەنى بىر ئۇلكەدە شۇنچە بولغاندا، بىزدە ئەلبەتتە زەرەر بولادى. شونگە كورە ئامرىقالىلار پېداگوگىيە بىلمى فانداي بولسادا تارقاتىش ئۇچۇن كوب پۇللەر سەرف ئېتىب ئىرشەدىلەر.

ئېندى بىزگە ھەم شونداي ماددى، مەعنەۋى زەرەرلەردەن چىقىش ئۇچۇن پېداگوگىيە بىلمىنى ئوگەنىش، ئۇنىڭ ئەساسى فايدالارى بىلەن تانىشىش ۋە ئۇلەرنى ئوزىمزنىڭ كۇندەلك تەجرىبەلەرىمزگە قوللانىش ئالدىمزدا كوندەلەك بولىب تورادى. مۇنىڭ بىلەن بىز بىردەن ئىقتىسادى ياقنى كوزدە توتسەك ئىكنچى ياقدان بالانى ياخشىلاب ئوگەنىب، ئونى ياقىن كېلگوسى ئىجتىماعى تۇرمۇش ئۇچۇن يارافلىق ئېتىب تەربيەلەيمز.

بۇ ماقالامىز، ئوقۇتغۇچىلارىمزنىڭ پېداگوگىيە بىلمىدەن خەبەردار بولىشلارى مەكتەبلەرىمزنىڭ سىفەت ياغىدان يوكسەلىشىگە كوب فايدا بېرسە كېرەك. بىراق، مەسئەلەنىڭ چاتاق جايى شۇندەكم ــ ئوقۇتغۇچىلارىمزنىڭ فايدالانىشى ئۇچۇن ھېچ بىر قوللانما يوقدىر. ئوقۇتغۇچىلارىمز فەننى تەربيەنىڭ كوب نەرسەلەرىدەن مەحروم بولغانلارىدىك پېداگوگىيەدەن ھەم مەحرومدىرلار.

بىراق، بىز يوق دېب قاراب تورمەسدەن ئوروسچە بىلىدىگەنلەرىمز ئوروس تلىدەگى كىتابلاردان، ئوروسچە بىلمەيدىگەنلەرىمز تاتارچا، ئازاربايجانچا كىتابلاردان فايدالانىب ئوز بىلىمىمزنى كوتەرشىمز لازىمدىر. نېگەكىم، بۇ سوڭ زامانلاردا تاتار ۋە ئازاربايجان تىللەرىندە تەعلىم ــ تەربيە بابىدە بىر مۇنچە ئەدەبياتلار چىقدى ۋە چىقىب تۇربدىر.

پېداگوگىيە بابىدە ھەم بىز ياش ئوقۇتغۇچىلارىمزگە ئوقوب، فايدالانىب ئۇز كوندەلك تەجرىبەلەرىدە قوللانىشلارى ئۇچۇن تاتار تىلىندە چىققان پېداگوگىيە كىتابلارىنى كورسەتىب ئوتەمز:

1 — ئىرعلوبىكچەنتەي ئەسەرى — قىسقاچا پېدالوگىيە پېدالوگىيە خوسوسىدە تاتار تىلىندە چىققان بىردەن بىر ئەسەر بولىب ئوقوتغۇچىلار ئۇچۇن تولا مەعلومات بېرىب بالا توغرىسىدا كوب يول يوروقلار كورسەتەدى. 288 بەت بولىب بىر سوم 90 تىيىندر.

2 — شۇل موحەرىر ئەسەرى - روحى قۇۋەلەرنى سىناو ئۇچۇن قوللانما.

3 — ع. ۋەلىد، مەكتەبدە پېدالوگىيە. بۇ كىتاب مەشهور پېداگوگ — بىلونىسكىينىڭ «Педология в массовой школе» دېگەن كىتابىنىڭ بەعزى بىر ئوزگەرشلەر بىلەن تەرجومەسىدر. 88 بەتدر.

---

## بىر ئوقۇتغۇچىنىڭ قىشلاق مەكتەبلەرىدە ئىككى گرووپپە بىلەن ئىشلەشى توغرىسىدا

# «گوس»نىڭ مېتودىكە خەتلەرى

بىزنىڭ عامەۋى مەكتەبلەرىمىز، ئاينىقسا ئوزبېك مەكتەبلەرىنىڭ تەجرىبەلەرىدە مەشغولىيەتلەرنى مۇعتەدىل بىر رەۋىشكە قويىشدان ئوزاقلىق ۋە مۇنىڭ نەتىجەسىدە بىر ئوقۇتغۇچىغا ئىككى گرووپپە بىلەن ئىشلەشكە توغرى كېلىشى ئۇچرەيدى. جايلاردان بولغان سەۋاللەرگە قارشى ئوز. ئ. ش. ج. عىلمى شوراسىنىڭ ئىشچىسى ئورتاق سېرېف تامانىدان بېرىلىب 1927 نچى يىل مارت ئايى تەئرىخى «مەعارىف ۋە ئوقۇتغوچى» جورنالىدا باسىلغان جاۋابدا بىر ئوقـۇتغۇچىنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپەلەر بىلەن مەشغولىيەت ئالىب بارىشىنىڭ 4 يولى كورسەتىلگەن ئېدى: ئوقۇتغۇچى، ياكى، بىر گۇرووپپە بىلەن مەشغۇل بولىب، ئىككىنچىسىگە مۇستەقىل رەۋىشدە ئىشلەش ئۇچۇن ۋەزىفە تاپشىرادى، ياخود، بىردەنىگە ئىككى گـۇرۇپپە بىلەن ئىشلەب دائېمى رەۋىشدە بىر گۇرۇپپەدەن ئىككىنچى گۇرۇپپەگە ئوتەدى، ياكى، ئوقۇ كۇنىنى قىسىملەرگە بولەدى — ساعەت 12 گـەچە بىر گۇرۇپپە بىلەن، 12 دەن كېيىن ئېسە، ئىككىنچى گۇرۇپپە بىلەن، ياخود نېهايەت بىر كۇن بىر گۇرۇپپە، ئىككىنچى كۇن ئىككىنچى گۇرۇپپە بىلەن مەشغول بولادى. بۇ يوللار ئېڭ مۇۋافىقى ۋە نـەتىجەلىسى دېب ئوقۇتـغۇچىنىڭ بىر گۇرۇپپە بىلەن مەشغۇل بولىب، ئىككىنچى گۇرۇپپەگە مۇستەقىل سۇرەتـدە ئىشلەش ئۇچۇن ئىش بېرىشى تانىلغان ئېدى بو باها جۇدە توغرى ۋە حەقلى.

سوڭغى ۋاقتلارنىڭ تەعلىم — تەربىيە تەجرىبەلەرى بىر ئوقۇتغۇچىنىڭ ئىككى گۇرۇپپەدە ئوقىتىشى توغرىسىداغى مەسئەلەنى حەل قىلىش يولىنى بېلگىلەشكە هەم مۇمكىن بېرەدى.

بۇتۇن گۇرۇپپەلەرنىڭ پىرە گرەممەلەرى، كومپلېكس ئۇسـۇلى بـويىنچا ئوشا بىر باش بالارغا — تەبيعەت، مېحنەت ۋەجەمعىيەتكە ئەساسلەنەر، هەم ئەساسىدە ئۇلكەنى ئورگەنىش توغرىسىداغى مەحەللى ماتېرىياللارغا ئېگە ئېكەن، بىرقانچا گـۇرۇپپە، ئايرىم چاقلاردا كـەلېكتىفلەشىب يا ئى، بىر گەلەشىب ئىشلى ئالادىلار.

ئورتاق سېرېفنىڭ قىسقا مەقالەسىنى تولالاشتىرىش ۋە چۇقۇرلاشتىرىش يۇزەسىدەن، عىلمى شورا بەعزى بىر يولباشچى كورسەتىشلەر بېرىشنى زەرور حىسابلايدى.

1. مەكتەب ئۇچۇن هېچ شۇبهەسىز، ئوقۇتغۇچىنىڭ بىر گۇرۇپپە بىلەن مەشغۇل بولىب، ئىككىنچىسىگە مۇستەقىل ئىش تاپشىرىش يولىنىڭ تۇتىشى مۇۋافىقراقدىر. بەعزى ۋاقت بۇ توغرىدا ئۇقۇتغۇچى، فەن ئۇسۇلىدا ئوقۇتىلغاندا ئىككى گۇرۇپپە بىلەن مەشغۇل بولىشنى يېڭىلەرەك بەجەرە ئالادى، كۇمپلېكس ئۇسۇلىدا ئوقۇتىلغاندا، ئېسكەرىسىچە، ئۇنى بەجەرىش قىيىنلاشادى دېگەن فىكرلەر ئۇچرەيدى. بۇ فىكر ئاڭلاشىلماۋچىلىق، كومپلېكس ئۇسۇلىنى ۋەئۇنىڭ جۇدە مۇۋەففەقىيەتلى رەۋىشدە بالالارنىڭ بىلىش تەلەبلەرىگە مۇۋافىقلاشتىرىلغانلىغىنى تۇشۇنمەسلىككە ئەساسلەنتىرىلگەن. فەقەت، كومپلېكس ئۇسۇلى تەتبىق قىلىنغانداغىنا بالالارنىڭ فەعاللىغى، ئىشكە ئاڭلى مۇناسەبەتدە بولىشلارى، دېمەك، حەتتا يولباشچىنىڭ بېۋاسىتا نەزەرەتىدەن باشقا هەم، مۇستەقىل رەۋىشدە نەتىجەلى ئىش بەجەرە ئالىشلارى مۇمكىنلىگى تەئمىن ئېتىلەدى.

2. يولباشچىنىڭ ۋەزىفەسى ئېسە، فەقەت بالالارنىڭ بۇ مۇستەقىل ئىشلەرىنى يولغان سالىشغىنا بولىب قالادى ۋە هېچ شۇبهەسىز، ئەيتىب بولادىكى، بىر ئوقۇتغۇچىنىڭ ئىككى گۇرۇپپەدە ئىشلەشدە مۇۋەففەقىيەتكە ئېرىشىشى ئوقۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىشلەرىگە تېگىشلىك سۇرەتدە

ياقىنلاشا بىلىش ھەم ئۇنى توغرى تەشكىل ئېتىشكە باغلىق. مۇستەقىل ئىش يولىداغى ۋەزىپەلەرنى شۇنداي بېلگىلەش لازىمكى، ئوقۇچىلارنىڭ ئىش چاغىدا بىر مەرتەبە ھەم ئوقۇتغۇچىغا مۇراجەئەت قىلماسىدان ۋە ئۇنىڭ يولباشچىلىقىدان باشقا ئۇنى (ۋەزىپەنى) مۇستەقىل رەۋىشدە بەجەرە ئالسىنلار؛ ئۇشە ۋاقتىنىڭ ئوزىدە ۋەزىپەنى بەجەرىش سىنىف ئىنتىزامىنى بۇزۇشغا يول قويماسلىقى، بەلكى، تېسكەرىسىنچە ئىنتىزادغا كومەكلىشىشى ئۈچۈن، ھەر بىر ئايرىم ئوقۇچىغا ۋە بۈتۈن سىنىف كەللېكتىفىگە مۇۋاففەقىيەتلى بەجەرىلىشى ئۇلەرنىڭ ھەممەسى ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىش بېرىش كېرەك. مەنە شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەزىپەلەرنىڭ ھەممە ئوقۇچىلارغا ئانىق ۋە تۈشۈنەرلىك بولىشى لازىم. بېرىلەدىغان ۋەزىپەنىڭ دىققەت بىلەن سىنىفگە ئېلان قىلىنىشى ۋە ھەر بىر ئوقۇچى تامانىدان توزىنىڭ ئىش دەفتەرىگە ئوتكەزىلىشى لازىم. ئوقۇتغۇچى، باشقا گۇرۇپپە بىلەن مەشغول بولىش ئۈچۈن گۇرۇپپەنى قالدىرىپ كېتىش ئالدىدان ۋەزىپە ئالغان ئوقۇچىلارنىڭ بېرىلگەن ۋەزىپەگە تۈشۈنگەنلىكلەرىنى سوراش، تېكشىرىپ كورىشى ۋە ئەگەر تۈشۈنمەگەن جايلارى بولسا، ئوشا زامان تۈشۈندىرىشى كېرەك.

3. مەكتەپكە دائېر ۋە مەكتەپدەن تىش ۋەزىپەلەر بېرىلىشى مۇمكىن، مەكتەپكە دائېر ۋەزىپە بېرىلگەندە ئېلىك باشلاپ، سىنىف ئىشلەرى، كوچىرىپ يازىش، ئەنكېتە تولغازىش، شىئارلەر تۈزۈش، سۈرەتلەرنى تەئرىف قىلىش، ئوقۇلغاننى يازما رەۋىشدە ھىكايە ئېتىش، رەسىم ياساش، ھىساب مەسئەلەلەرىنى ھەل قىلىش ۋە ھاكەزالەر كوزدە توتۇلادى. كىتاب بويىنچا ئىش قىلدىرىش تەلەب ئېتىلسە، ئوقۇچىلارنىڭ ئوزلەرى تاپىپ ئالا ئالىشلارى ئۈچۈن كىتابىنىڭ مۇقەددىمەسى، ماددەلەرى ۋە سەھىفەلەرىنى ئانىق كورسەتىش لازىم. مەكتەپ مەشغولىيەتلەرىنىڭ باشقا خىللەرى - مەكتەپ باقچاسىدا ياكى پالىزداغى ئىشلەر بولىشى مۇمكىن. مەكتەپدەن تىش ۋەزىپەلەردەن ئوقۇچىلارنى ئۇلەرنىڭ ئوزلەرى ياكى، ئېكىسكورسىيەگە بارىلغان مۇئەسسەسەنىڭ ئىشچىلەرىدەن بىرسىنىڭ ياردەمى ئارقاسىدا ئۇلەر ئۈچۈن تەلەب قىلىنمايتغان ماتېرىياللارنى ئالادىغان بېكىل ئېكىسكورسىيەلەرگە يۈبارىشنى كورسەتىش مۇمكىن. مۇنداي ئېكىسكورسىيەلەرنى ئېكىنچى گۇرۇپپەنىڭ ئوقۇچىلارى مۇۋەففەقىيەتلى سۈرەتدە بەجەرە ئالادىلار. مەكتەپ باغچاسى، ياكى، پالىزىداغى مەشغولىيەتلەر، ھەمدە مۇستەقىل ئېكىسكورسىيەلەر ئوتكەزىش چاغىدا ھەممەدەن ياخشىسى، ئوقۇچىلارنى گۇرۇپپەلەرگە، ياخود خەلقەلەرگە ئاجرانىش، ھەر بىر خەلقەگە ۋەزىپەنىڭ مەئلۇم بىر قىسمىنى تاپشىرىش كېرەك. ئوقۇچىلارنىڭ ئوز ئۆيۈشىشلارى ياخشى يولغا قويىلغان، ياكى، مەكتەپدەكەششافلار يېتەرلىك مىقداردە بولغان جايلاردا ئوقۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىشلەرىنى ئوتكەزگەندە ئوقۇتغۇچى سىنىف قومىتاسى، ياخۇد كەششافلار كەللېكتىفى تامانىدان مۇھىم كومەك ئالا بىلەدى.

4. مەكتەپكە دائېر، ياكى، مەكتەپدەن تىش ئىشلەر ۋە ئۇمۇمەن ھەرقانداي ئىشنىڭ ئوقۇچىلار ئۈچۈن كۈچ يېتەرلىك ۋە ئۇلەر تامانىدان ئارتىق كۈچ سەرف قىلىنماسدان بېلگىلەنگەن ۋاقتىدا تامام ئېتىلە ئالارلىق بولىشى لازىم. بۇ - ئىشنى بېلگىلەنگەن ۋاقتىدا مۇۋەففەقىيەت بىلەن تامام قىلا ئالىش ئىمكانىيەتى ئوقۇچىلارنىڭ ساغلام رەۋىشدە ئىشكە قىزىقىشلارىغا سەبەب بولادى، ئىشنىڭ بۇ تامانىغا ئەلاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئىش بالالارنىڭ كۈچىگە ۋە ئۇنى بەجەرىش ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقتىغا مۇۋاپىق بولىشى لازىم. بۇ توغرىدا ھەممەدەن ئالدىن ئوقۇچىلارنىڭ ئورتا دەرەجەلەرىگە ئەساسلەنىش كېرەك. ئەمما، بالالار ئورتاسىدا ھەم ئارقادە قالغانلارى، ھەم ياخشى قابىلىيەتلىلەرى بار، ئېكەن، ئارقادا قالغانلار ئۈچۈن ئېلىك باشدا ۋەزىپەنى بىرقادار قىسقارتىش مۇمكىنلىگىنى بىلدىرىپ، قويىش ۋە ئارقادا قالغانلارغا قوللارىدان كېلگەنىچە بەجەرىشلەرىگە مۇمكىنلىك بېرىپ، ئۇنىڭ (ۋەزىپەنىڭ) مۇتلاقا بەجەرىلىشى تېگىشلىك بولغان قىسمىنى كورسەتىش لازىم. ئوز ئىشلەرىنى ۋاقتىدان ئالدىن بەجەرە ئالادىغان ئايىنقسا، قابىلىيەتلى بالالار توغرىسىغا كېلگەندە ئېسە، تېسكەرىسىنچە، ئۇمۇمى ۋەزىپە ئۈستىگە يەنە قانارمەيدە ۋەزىپەلەر تاپشىرىش كېرەك.

5. ئوقۇچىلار تامانىدان مۇستەقىل رەۋىشدە بەجەرىلەدىغان ھەر بىر ئىشنى، ياخشىلاپ ئويلاش، ھەر تامانىنى تېكشىرىپ كورىش ۋە ئۇنىڭەھەتتا، ئوقۇتغۇچى ھازىر بولغان چاقدا بەجەرىلگەن ئىشكە قاراغاندا دىققەتلىرەك رەۋىشدە مۇناسەبەتدە بولىش لازىم. ئەگەر بۇ شەرتلەر جايىغا يېتكىزىلمەسە، ئوقۇچىلاردا، ئوقۇتغۇچى ھازىر بولغان چاقدا بەجەرىلگەن ئىش ھەقىقىدەن مۇھىم، ئۇ يوق چاقدا

بەجىرىلگەن ئىش ئېسە، بوش ۋاقىتنى تولغازىش، شوخلىققا يول قويماسلىق ئۈچۈنگىنە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە دېگەن پىكىر تۇغۇلۇشى مۇمكىن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشكە مۇنداي قاراشلىرى، ئەلبەتتە، ئىشكە جىددى مۇناسىۋەتتە بولۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ھەممە ھەر خىل رەۋىشتە ئىنتىزامنى بۇزۇشقا ۋە شوخلىققا يول قويىدى. ئېڭ ياخشىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىشلەرىنى كۆزدەن ئۆتكەزىش ئۈچۈن، ئۇ (مۇستەقىل) ئىشنى بەجىرىشتەن سوڭقى سائەتنى باغلاش.

6. ئوقۇتقۇچى يوق ۋاقىتتا مۇستەقىل ئىش بەجىرگەندە، ئاينىقسا، ئوقۇغۇچىلار ئوتتاسىدا كۈچلى رەۋىشتە روي بېرگۈسى ئۆز ئارا كۆمەك ئۇنسۇرىغا ئەھەممىيەت بېرىش كېرەك. مۇنداي ئۆز ئارا كۆمەككە مەلۇم دەرەجەدە يول قويىش مۇمكىن ۋە ئۇنىڭ بولۇشى مەتلۇب؛ ئۇ، سىنىپ كەللېكتىۋىنى ئىچكەرىدەن بىرىكتىرەدى، مۇستەھكەملەشتىرەدى. بىراق، كۈچلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچسىزلەرنىڭ ئىشلەرىنى بەجىرىشلەرى، كۈچسىزلەرنىڭ ئېسە، ئوقۇتقۇچى سورىغان ۋاقىتتا چېت كىشى ئىشىنى ئۆز ئىشلەرى دېب كۆرسەتىشلەرى كەبى ۋاقىئەلەرنىڭ ھەم بولۇشى مۇمكىن. مانە شۇنداي ئەھۋال بولماسلىغى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار تامامىدان بېجىرىلەدىغان مۇستەقىل ئىشكە جىددى قاراب ئۇ ئىشكە باھا بېرىش ۋاقىتىدا جۇدە قەتئى رەسمى تەلەبلەر قويماسلىغى، ئىشنى بوشراق بەجىرگەن ئۈچۈن جەزا بىلەن قورقىتماسلىغى لازىم. ئىش شۇنداي قويىلسىنكى، زەئىپرەك ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلەرىنى ئوقۇتقۇچىدان ياشىرماسىن، بەلكى، تېسكەرىسىنچە ئۆز كەمچىلىكلەرىنى يوقاتىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردامىغا ئاچىقتان - ئاچىق مۇراجەئەت قىلىشقا ئۆرگەنسىن؛ ئىش مۇنداي قويىلسا، ئەلبەتتە، ئۆز مەكتەبىدە ئېسكى مەكتەبنىڭ قانداي بولسا ھەم، بىر ئوقۇغۇچى تامامىدان باشقا كىشى ئىشىنى ئۆز ئىشى قىلىب كۆرسەتىشى كەبى قالدىقلارى بىلەن ئۇچرەشىشكە توغرى كېلمەيدى.

7. دىققەتنى دائىما، ئىككى گۇرۇپپەدەگى ئىش تەرتىبلەرىگە بولۇش كەبى قىيىن بىر ئىشتە غالىب كېلىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ئۆزىنى ئىش پىلانىنى تۈزىش مەسئەلەسىگە، ئاينىقسا، ئەھەممىيەت بېرىشى لازىم. بۇ يېردە ئوقۇتقۇچى ئالدىغا ئىككى مامېنت قويىلادى: ئا) ھەر بىر ئوقۇيىلىنىڭ كومپلېكس پىروگرەممەسىنى ئايرىم — ئايرىم رەۋىشتە دىققەت بىلەن ئىشلەب ئۆتكەزىش، مەھەللى شەرائىتلارغا مۇۋافىقلاشتىرىش ۋە ب) ھەر بىر گۇرۇپپە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرئو قويىلى ئۈچۈن بولغان ئىشلەرى سىفەتى ۋە مۇندەرىجەسىنى كۆرسەتىب، ئانىقلاشتىرىلغان ھەر ئىككى پىروگرەممەنى بىر — بىرى بىلەن سالىشتىرىش.

ئىش پىلانىنى تۈزگەن چاقدا پىروگرەممەنىڭ كومپلېكس ئىسخېمەلەرى بىرىنچى خانەسىنىڭ («مەۋزۇئ ۋە ئۇلارنىڭ مۇندەرىجەلەرى») ماتېرىياللارنى ھەر بىر كومپلېكس مەۋزۇئنى تەخمىنەن بىر ھەفتەدە ئۆتىش، مەۋزۇئنىڭ ھەر بىر بۆلىنىشىنىڭ ئېسە بىر — ئىككى كۈنلىك ئىش مۇندەرىجەسىنى تەشكىل ئېتىشى نوقتەئى نەزەرىدەن تەقسىم قىلغانلىغىنى كۆزدە تۇتىش كېرەك. پىروگرەممەنى ئىشلەب ئۆتكەزىش چاغىدا ئېڭ ئاۋال ھەر بىر مەۋزۇئ بويىنچا بولغان كۈنلىك، ياكى، ئىككى كۈنلىك ۋەزىفەلەرنى كېڭەيتىرىش ۋە چوقۇرلاشتىرىش زەرۇر. ئۇندان كېيىن كۈنلىك ۋەزىفەلەرنىڭ مۇندەرىجەلەرىنى رەسمى ۋە تېخنىچېسكى مەلەكەلەر، يەئنى پىرگرەممەنىڭ «بىلىم ۋە مەلەكەلەر ئابيومى» ناملى ئايرىم بابىغا ئاجراتىلغان كۆرسەتىشلەرى بىلەن باغلاش لازىم. مەۋزۇئ بويىنچا بولغان ئىشكە مۇستەقىل ۋە مۇتەسىر — ئەمەلى ياقىنلاشىش ئۈچۈن، ھەر بىر كۈنلىك ۋەزىفە بويىنچا ئانا تىلى، ھىساب، نەزافەت، بەدەن تەربىيەسى، چىزىش (گرافىكا) ۋەسەنئەت توغرىسىدا بالالارغا نېمەلەر بىلدىرىشنى مۇمكىن قادار ئانىق كۆرسەتىش كېرەك. ئوقۇش ماتېرىيالى، يازۇ ئىشلەرى، مۇساھەبە، ئېكىسكورسىيە ۋە مېھنەت ئىشلەرىنىڭ سىفەتى كۆرسەتىلەدى.

ئىش پىلانىنى تۈزىشنىڭ بىرىنچى ۋە ئەساسى دەۋرى شۇنىڭ بىلەن تاماملانادى. ئىككىنچى دەۋر- ئىككى پىروگرەممەنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى گۇرۇپپە بويىنچا تەخمىنەن بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەب ئۆتكەرىلەدىگەن قىسىملەرىنى بىر - بىرىگە سالىشتىرىش. مۇندا، ئىشنى شۇنداي ئوڭغايلاش كېرەككى، ئوقۇتقۇچى بىلەن، ياكى، ئۇ ھازىر بولغان چاقدا بىر گۇرۇپپەدە قانداي بولسا ھەم، بىر ئىش ئۆتكەزىلگەندە، ئىككىنچى گۇرۇپپەدە ئوقۇتقۇچىدان باشقا بىرارتە مۇستەقىل ئىش ئالىب بارىلسىن. ئوقۇتقۇچى بىلەن ۋە ئۇندان باشقا ئىشلەش سائەتلەرىنى ئىككى گۇرۇپپەدە نەۋبەتلەشتىرىش فايدالى بولغۇسىدىر.

ھەممەدىن ياخشىسى، ئوقۇتغۇچىنىڭ مەنە شۇنداي ماتېرىياللارنى بۈتۈن ئوقۇ ۋ يىلىغا تەقسىم قىلىشىنى، ئوقۇ يىلى باشلانماسدان ئالدىن تەعتىل ۋاقىتدا بەجەرىب قويىشى كېرەك. ئەگەر، بىرار سەبەبكە بىنائەن مۇنى بۈتۈن بىر ئوقۇ يىلىغا نىسبەتەن بەجەرىش مۇمكىن بولماسا، بىرىنچى مەرتەبەدە دەرس باشىنى ئالدىن تەقسىم قىلىب قويىش بىلەن قەنائەتلەنىش ۋە قالغان تەقسىم قىلىش ئىشلەرىنى ئوقۇ يىلى داۋامىدا نەۋبەتدەگى مەشغولىيەتلەرگە تاييارلانىش چاغىدا بەجەرىش مۇمكىن.

8. ھەر بىر گۇرۇپپەنىڭ مۇئەللىم بار چاغىدا ۋە يوق ۋاقىتدا ئالىب بارىلغوسى ئىشلەرىنى ئانىق ھەم

| ئاي | چېسلە | كۈن | گۇرۇپپە | I نچى ساعەت | II نچى ساعەت | III نچى ساعەت | IV نچى ساعەت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نويابىر | 12 | دۈشەنبە | I | نەزافەت توغرىسىدا ئوقۇچىلار بىلەن مۇساھەبە. | ئازادلىق ۋە تەرتىبىنى ساقلاشقا ئائىد سۆز ۋە جۈملەلەر يازىش. | مۇئەللىم بىلەن ئوقۇش | مۇستەقىل رەۋشدە رەسىم ياساش. ئۆي ئىچى ئۈچۈن كېرەكلى نەرسەلەرنىڭ سورەتىنى سالىش. |
| | | | II | قىشقا تاييارلانىش توغرىسىداغى ساۋاللەرگە يازما رەۋشدە جاۋاب بېرىش. | ئوقۇچىلار تامانىدان بەجەرىلگەن يازما جاۋابلار توغرىسىدا مۇساھەبە. | ھىساب مەشغولىيەتلەرى: قىشقا تاييارلانىش ئۈچۈن زەرۇر بولغان نەرسەلەرگە ئىسمىتە تۈزىش. | ئوقىش ۋە «كەللېكتىف خوجالىقدا قىشقا تاييارلانىش» مەۋزوعىدە مۇساھەبە. |
| نويابىر | 13 | سەيشەنبە | I | ئالدىنقى كۈن، سورەتلەرى سالىنغان ئەسەرلەر توغرىسىداغى مۇساھەبە. | نەزافەت توغرىسىداغى شىعارلەرنى كوچىرىب يازىش. | مۇئەللىم بىلەن ئوقىش. | ھىساب مەسەلەلەرىنى مۇستەقىل رەۋشدە بېچىش. |
| | | | II | مۇستەقىل رەۋشدە ئەدەبىيات دەرسى ئوقىش: ئوسىملىكلەرنى قىشقا تاييارلاش. | ئوقىلغانلار توغرىسىدا مۇساھەبە، ئالىنغان بىلىملەرنى ھىسابغا ئالىش. | ئوسىملىكلەرنى قىشقا تاييارلاش توغرىسىدا يازۇ ئىشلەرى. | ئوقۇچىلار بىلەن يازۇ ئىشلەرىنى تۈزەتىش. |
| نويابىر | 14 | چارشەنبە | I | تاقاچىلىقداغى ئىشلەر توغرىسىدا مۇساھەبە. | تاقاچىلىق ئىشلەرى توغرىسىدا بولغان قانداي بولسا ھەم ماتېرىياللاردان كوچىرىب يازىش. | | تاقاچىلىققا ئېكسكورسىيە. |
| | | | II | ئوقۇچىلار تامانىدان مەكتەب، ياكى، كەمبەغەل دېھقان باغىداغى كەللېكتىف ئىشلەرىنى (مۇئەللىم تامانىدان ئالدىن بېرىب قويىلغان ئىسسىمە بويىنچا) پىلانىغا ئالىش، ئوقۇچىلارنى بېشلىكلەرگە بولىش. | ھازىرغىنا ئۆتكەزىلگەن پىلان ئالىش توغرىسىدا ئوقۇتغۇچى بىلەن مۇساھەبە، مەكتەب باغچاسى، ياكى، پالىزىدا بولغان مۇستەقىل ئىشلەر توغرىسىدا ۋەزىپەلەر بېرىش. | | بېشلىكلەرگە بولىنگەن ئوقۇچىلارنىڭ مەكتەب باغچاسى ياكى، پالىزىدا بەجەرگەن ئىشلەرى. |

بۇتۇنلەي بېلگىلەب قويىش، ئەلبەتتە مۇمكىن ئېمەس، چۈنكى، كومپلېكس پىرەگرەممەسىنىڭ ئۆزى دائىما مەھەللى شەرائىتلارغا ۋە ئوقۇچىلارنىڭ ئاڭ دەرەجەلەرىگە ھەممە تائرىخى ماھىيتىنىڭ تەلەبلەرىگە مۇۋەففەقلاشتىرىلىشىنى تەلەب قىلادى. ھەر بىر ئوقۇتغۇچى مۇمكىن قادار ھەر ئوقۇ يىلى ئۈچۈن ئايرىم رەۋشدە ئۆز ئىشچەمەسىنى تۈزۈش لازىم. قويىدىغى جەدۋەل، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى گۇرۇپپەلەر بويىنچا مەشغولىيەتنى مۇستەقىل رەۋشدە ئوڭغايلىراق تەقسىم قىلىشنىڭ مىسالى، بىراق، تەخمىنى فورماسى بولىب خىزمەت قىلا ئالادى.

9. تەجرىبە، بىر ئوقۇتغۇچىنىڭ ئىككى گۇرۇپپە بىلەن ئىشلەگەن ۋاقىتدا ئېنىك قىلالادىغان چاغى، يەڭگىنە كىرگەن باش گۇرۇپپە مەكتەب تۇرمۇشى بىلەن ھەلى بۇتۇنلەي تانىش بولماغان ئوقۇ يىلى باشى ئىككەنلىگىنى كورسەتەدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئوقۇچىنىڭ ئىككى گۇرۇپپەدە ئىشلەگەندە، كىچىك گۇرۇپپە بىلەن ئىككىنچى گۇرۇپپەگە قاراغاندا بىرار ھەفتە ئالدىن ئىش باشلاشى جۇدە توغرى.

10. بەعزى ۋاقىتلاردا ئىككى گۇرۇپپە بىلەن بىرلىكدە ئىشلەش ھەم مۇمكىنلىگى كورسەتىلگەن ئېدى. بۇ ئەھۋال جۇدەكەم ئۇچرەيدى ۋە سىنىف شەرائىتلەرى بويىنچا، فەقەت، ئىككى گۇرۇپپەنى بىر بولمەگە توپلاش ئۈچۈن بىنا يېتەرلىك بولغانلىغىنا مۇمكىن. گۇرۇپپەلارنىڭ ئىشلەرىنى بىرلەشتىرىش يوللارى قويىدىغىلار بولىشى مۇمكىن:

ئا) سىنىفدە ئوقىش ئۈچۈن بىر ۋاقىتدا بىرىنچى گۇرۇپپە مەۋزۇعىنى ئۆز ئىچىگە ئالا ئالادىغان ماتېرىيال تانلاش (مەسەلەن: كىشىنىڭ قىشقا تاييارلانىشى ۋە «ئۆي ئىچىگە زەرۇر نەرسەلەرنى تاييارلاش» ياكى، «قىش كۈنى مەكتەب ۋە ئۆيدە» ھەم «قىش كۈنى كىشىنىڭ ئۆمىر كېچىرىش ۋە مېھنەت شەرائىتلارى» توغرىسىدا).

ب) ئەگەر، ئىككىنچى ۋە ئۆمۈمەن بوقارى گۇرۇپپەلەر قىزىق ئېكسكورسىيە ئۆتكەزگەن ياكى، قانداي بولسا

هەم، عۇمۇم ئۈچۈن فايدالى بىر ئىشنى مۇۋەففەقىيەت بىلەن بەجەرگەن بولسالار، بۇ ئېكىسكورسىيە، ياكى، ئىش ماتىرىياللارىنى بۇتۇن مەكتەپ كەللېكتىفى بىلەن عۇمۇمى مۇساھەبە ئوتكەزىش شەكلىدە يەكۇنلەش مۇمكىن.

ۋ) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى گۇرۇپپەلەرگە ھەر خىل ۋەزىفەلەر بېرىش شەرتى بىلەن ئىكى گۇرۇپپەنى بىرلىكدە ۋە مۇمكىن قادار ئۇزاغراق ئېكىسكورسىيەگە چىقارىش (مەسەلەن: II نچى گۇرۇپپە ئۈچۈن «باھار ئىشلەرى» مەۋزۇعىدە ۋە I نچى گۇرۇپپە ئۈچۈن جەماعەت مۇئەسسەسەسى بولغان كەللېكتىف خوجالىغىنىڭ عۇمۇمى تۇزىلىشى مەۋزۇعىدە كەللېكتىف خوجالىقلارىغا ئېكىس-



ئىسفايرام دەرياسى ۋە ئۇچ قورغان قىشلاغى

كورسىيە، ياكى، كەپىرەتىفكە ئېكىسكورسىيەگە چىقانىدا II نچى گۇرۇپپە ئوقۇچىلارى مەھەللى كەپىرەتىفنىڭ قىشلاق خوجالىقى ئېھتىياجلارىغا قانداي يارداملەشكەنىنى تورنەگەيلەر. كىچىك گۇرۇپپە ئېسە، فەقەت، كەپىرەتىف بىلەن تانىشادىلار).

گ) ئىكى گۇرۇپپەنى بىرلەشتىرىشنىڭ ئىككىنچى بىر ئۇسۇلى دېب ئىكى گۇرۇپپە ئوقۇچىلارىنىڭ بىرلىكدە مەكتەب باقچاسىدا ئىشلەشلەرىنى كورسەتىش مۇمكىن. بىراق، بو ۋاقتىدا، ئىش چاغىدا ئالىنادىغان نەزەرى ۋە عەمەلى مەعلۇماتلەر I ۋە II نچى گۇرۇپپەلەر ئۈچۈن عەلاھىدە پىرەگرەممە بويىنچا بارادى.

10. گرۇپپەلارنىڭ ئىشلەرىنى بىرلەشتىرگەن ۋاقىتدا، يۇقارى گۇرۇپپە ئوقۇچىلارىنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپە پىرەگرەممەسىنىڭ ھەر خىل مەسئەلەلەرى بىلەن مەعلوم دەرەجەدە تانىش بولىشلارىنى ۋە ئايرىم چاقلاردا ئوزلەرىدەن كىچىك ئورتاقلارىغا يولباشچى سىفەتىدا چىقالىشلارىنى كوزدە تۇتىش كېرەك. بىرلىكدە ئوتكەزىلەدىگەن ئېكىسكورسىيە، ياكى، عۇموم ئۈچۈن فايدالى بولغان ئىشنى بىرلىكدە بەجەرىش چاغىدا بۇتۇن ئوقۇچىلارنى خەلقەلەرگە بولىش، ھەر بىر خەلقەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى گۇرۇپپە ئوقۇچىلارىدان تۇزىش مۇمكىن.

11. ئاخىردا شۇنى ئەيتىش توغرى كېلەدىكى، ئوقۇتغۇچى ئىكى گۇرۇپپە بىلەن ئىشلەگەندە ئوز مەكتەبىدە يېتەرلىك ئېعتىبارغا ئېگە بولىشى، ئىكى گۇرۇپپەگە يولباشچىلىق قىلغان چاقدا ئوز پىلانىنى قىسمەن بۇزىب بولسا ھەم، ۋاقتىنچا بىر گۇرۇپپەدەن ئىككىنچى گۇرۇپپەگە كوچىش توغرى كېلگوسىنى ھەر ۋاقت ئېسىدە تۇتىشى لازىم. عۇمۇمەن ئىشنى شۇنداي قويىش زەروركى، بالالار مۇعەللىم بار چاقدا ھەم، يوق ۋاقتىدا ھەم بىردىك ياخشى ئىشلەسىنلەر، ئوقۇتغۇچىنىڭ ۋاقتىنچا سىنىفدەن چىقىشى تەرتىبسىزلىككە سەبەب بولماسىن. بۇلارنىڭ ھەممەسى، ئىشنىڭ تەشكىل قىلىنىشىغا ئوقۇتغۇچى تامانىدان، ئاينىقسا، تەھەممىيەت بېرىلىشىنى ۋە ئايرىم ساباقلارغا مېتودىكە جېھەتىدەن تېگىشلىك سۇرەتدە تاييارلانىشغا ئوقۇش يىلى داۋامىدا كەم ۋاقت

ئالدىرىش ئاز كۈچ سەرف ئېتىشنى تەلەب قىلادى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى گۇرۇپپەدە ئىشلەيدىغان ھەر بىر ئوقۇتقۇچى خەلق مەعارىف كەمىسسەرلىگى تامانىدان نەشىر ئېتىلگەن پىروگرامما ۋە ئۇنىگە عىلاۋە قىلىنغان بۈتۈن ئىزاھ خەتلەرىنى ئۆگەنىشكە جىددى دىققەت ئېتىشى لازىم. چۈنكى، بۇ ماتىرىياللارنىڭ ھەممەسى بىلەن ياخشى تانىش بولغانىدىغىنا ئوقۇ يىلى باشىغا ياخشى ئىش پىلانى تايارلاش مۈمكىن. ئۇنىدەن تاشقارى، ئوزىنىڭ عۇمۇمى پېداگوگىيە مالەكەسىنى ئاشىرىشقا ۋە ئوقۇتقۇچىلىق ئىشى چاغىدا ئۇچراشىشقا توغرى كېلەدىگەن بۈتۈن ئوقۇ ۋە مېتودىكا ماتىرىياللارىنى ئالدىن ياخشىلاپ ئۆگەنىشكە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئىككى گۇرۇپپەدە نىھايەت، بىر مۇعەللىمنىڭ گۇرۇپپەدە ئىشلەشدە بولغان پېداگوگىيە تەجرىبەسى بىلەن ئورتاقلاشىش جۈدە، ھەم مۇھىم. بۇ تەجرىبە بىلەن ئوقۇتقۇچىلار تۆگەرەگىنىڭ ئىشلەرى ياكى، كەنفېرېنسىيەلەردە تېگىشلىك مەعرۇزەلەر قويۇش ئارقالى ئورتاقلاشىش مۈمكىن. «دەۋلەت علمى شوراسى»

## ياش بالالارغا ئىجتىمائى تورموشنىڭ تەئسىرى

ئىجتىمائى عۇرف-عادات سەبەبلەرى، بالانىڭ ئوسىشىگە تەئسىرى خۇسۇسىدا بىر ئاز مەعلۇمات بېرىش ئۈچۈن پېداگوگىيە فەننىنىڭ تارىخى تەرەققىسىگە بىر ئاز نەزەر قىلىشىمىز كېرەك.

چۈنكى پېداگوگىيە ئوزىنىڭ تارىخى تەرەققىسىدە بىرنېچە تۈرلى ئوزگەرىشلەر كوردى، ھەم شۇ ئوزگەرىشلەر بالانىڭ ئوسىشىگە تەئسىر ئېتكەن ۋاقىعالار ھاقىدا بىرنېچە قاراشلار قالدىردى.

پېداگوگىيە فەننى ئەساسىغا قويغۇچى ھەم ئۇشبۇ مەسئەلە بىلەن مەشغۇل بولغان ئەمرىكە عالىمى (ئىستىنلى خول) ئوزى تامانىدان نەشر قىلىنغان جورنالىغا بۇ ھاقىدا كوب ماتېرىياللار توپلادى. نەتىجەدە بالانىڭ ئىجتىمائى عۇرف-عادەتلەرى، تەبىعى ۋاقىعالاردان كېلىپ چىققان، دېگەن فىكرگە كېلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ئىجتىمائى ۋاقىعالارنىڭ، بالانىڭ ئوسىشىگە، تەرەققىسىگە تەئسىرى بار بولغانىنى ئويلاش ھەم مومكىن ئېمەس ئېدى ھەم ئۇشبۇ نەزەرنى تەنقىد قىلغۇچىلار بولمادى. شۇ سەبەبلىك، كوب عالىملار بالانىڭ روھانى ھەم بەدەنى ئوزلىشىنى تېكشىرىش بىلەن مەشغۇل بولدىلار. بۇنىڭ نەتىجەسى ئولاراق پسىخولوگىيە ھەم فىزىئولوگىيە فەنلەرى ۋۇجۇدقا كېلىپ چىقدى. بۇ يولدا تېكشىرىش داۋام قىلدى، بۈتۈن ئاۋروپا ئېللەرىدەگى عالىملەردە، بالا-تەبىعى ۋاقىعالار تەئسىرىدە ئوزگەرەدى، دېگەن فىكرنى ئالغا سۈردىلەر. فەقەت، بۇ نەزەرگە قەتئى ئەھەممىيەت بېرىپ روس عالىملەرى تامانىدان ئىجتىمائى پېداگوگىيە ۋۇجۇدقا چىقدى.

عۇمۇمەن پېداگوگىيە فەنى تەرەققىيات دەۋرىدە ئۇباندانىغىچا ئۈچ خىل ئوزگەرىشكە ئۇچرەشدى:

1- بالالارنىڭ يارانىلىشى ھەم ئوسىشى، ئۇنىڭ ئەخلاقى ھەم شەخسى ئۇنىڭ تەقدىرىدەن بولغان ھەم ئوزگەرىشى ھېچ مۈمكىن ئېمەس، چۈنكى، تەقدىر خۇدا تامانىدان يازىلىپ قويىلغان، دېدىلەر.

2- (بالانىڭ يارانىلىشى، ئوسىشى، ئەخلاقى ۋە ھاكەزا...) ھەممەسى تەبىعى ۋاقىعالاردان كېلىپ چىققان، ھەم شۇ سەبەبلىك بۇ نەزەر بويىنچا بالانىڭ جىسمانى ئوسىشى، فەقەت، تەبىعەت قانۇنلارىدان كېلەدىر.

3- بۇ نەزەرگە (3 نچىگە) تەبىعى ۋاقىعالارگە ئىجتىمائى مۇھىت ھەم قوشىلادىر.

ئۇشبۇ نەزەرلەرنى قۇۋەتلەگۈچىلەر ھەم ئىنكار قىلغۇچىلار بولدى. ھەم كوب نەزەرىيە (تېئورىيە) لەر مەيدانغا كېلدى. بۇ نەزەرىيەلەردە بىر-بىرىگە قارشى داۋام قىلدى.

يالغىز، تەبىعى ۋاقىعالارنى نەزەرگە ئالغۇچىلار، بالانىڭ ئاتا-ئاناسى قانداي بولسا، بالا ھەم شۇنداي بولادى. ئاتا-ئاناسىنىڭ عۇرف-عادەتلەرى بالالارغا مىراس سۇپەتىدە بېرىلەدى ھەم شۇ تەرىقە نەسلىدەن نەسىلگە كوچەدى، دېگەن فىكرنى ئېيتىدىلەر. ئىجتىمائى ۋاقىعالەرنىڭ تەرەققىسىگە بولغان نەزەرلەرنى ئىنكار قىلىدىلار. ئەۋۋەل، بۇ نەزەر روسىيەدە ھەم ئوزىگە جاي ئالغان ئېدى، لاكىن، روسىيە عالىملارى بۇ نەزەردەن تېزلىك بىلەن قۇتۇلۇپ، پېداگوگىيە فەننى ئىجتىمائى ئاساسغا باغلادىلار.

1924 نچى يىل قۇرۇلتايىدا پېداگوگلەرىمىز قويىداغى سوزلەرنى ئېيتىدىلەر:

ھازىرغى كۆنەدە ئېسكى ئىجتىمائىيات ئەساسى سىندىرىلىپ، ئۇنىڭ جايىغا، يەڭى ئىجتىمائى عۇرف-عادەتلەر مۇھىتى تۇغىلدى.

ھەم بىزلەرنىڭ تەربىيەچىلەرىمىز، ئوقۇتغۇچىلارىمىز ئۇشبۇ مۇھىت بىلەن مەھكەم باغلانسىن، چۈنكى، ئوقۇتغۇچى پېدەگوگىيەنى بىلمەسە، ئىشلەتىلىشى ئۈچۈن كېلەتىرىلگەن ماتېرىيالارنى بىلمەگەن ئۇستاغا ئوخشايدىر. مەسەلەن، بەعزى بىر مەكتەبلەردە بالالارنىڭ ئوقۇشى قەناعەتلەنەرلىق ئېمەس، كوپچىلىگى ئارقادا قالغانلىقلارى ئۈچۈن، بىر سىنىفدە ئىككى يىل ئوقۇشلارى توغرى كېلەدى. ئەلبەتتە، بۇ ئەھۋال تەربىيەچىلەر ھەم ئوقۇتغۇچىلارنىڭ پېداغوگىيە فەنى بىلەن ياخشى تانىش بولماغانلىقلارىنى كورسەتەدىر. چۈنكى بۇھال بالانىڭ روھانى ئوسىشى، ئۇنىڭ مېيەسىنىڭ تەرەققىسىنى نەزەرگە ئالماسدان، بالاغا لاياقەتلى بىلىمنى بېرەبىلمەسلىكدەن كېلەدىر.

شۇ سەبەبلىك، تەربىيەچىلەر ئالدىدا بولغان ۋەزىفە، بالالارغا، تېگىشلى نەزەر بىلەن روھانى، جىسمانى تەرەققىسىگە ئىعتىبار قىلىب، تېگىشلى تەربىيە بېرىش بەرابەرىدە ئولارنىڭ ئىجتىماعى مۇھىتنى بىلىب ئىش كورىشلەرى زەرور.

بالاغا توغرى — دۇرست تەربىيە بېرىش ئۈچۈن، تەربىيەچى دۇرست ئىجتىماعى ئىشچى بولىشى لازىم. بالانىڭ ئاتا — ئاناسىدان قالغان مىراسى سۈفەتلەرىنى بالانىڭ تەبىعەتىدەن قول بىلەن ئالىب تاشلاب بولمايدى. بەعزى ئاتالار بالالارىغا يامان سۈفەتلەر قالدىرادىلار. ئېكەن، ئەلبەتتە تەربىيەچىلەر ئو يامان سۈفەتلەرنى يېڭىللەتىش — ياخشىلاتىش ئۈچۈن لازىم بولغان ئىجتىماعى موھىت تۈزىشلەرى زەرور.

بوڭا مىسال ئۈچۈن، ھازىرغى ئىجتىماعى شورالار جومھورىيەتلەرىدەگى يەتىم بالالارنى ئالساق بولادى:

بۇنداي يەتىم بالالارنىڭ ئاتا — ئانالارىدان قالغان مىراسلىقلارىنى بىلمەيمىز. لاكىن، ئو بالالارنىڭ كوپچىلىگى ئوغرىلىق ھەم باشقا خىل يامانلىقلارنى ئىشلەب يۈرەدىلەر. ئەلبەتتە، ئۇشبۇ يامان قىلىقلارنى، ئولار مىراس سۈفەتىدە ئالماغان بولسالار كېرەك. ئو يەتىم بالالارنى شۇندەي يامانلىققا تاشلاغان، بۇزۇقلىق قىلىشقا مەجبۇر ئېتكەن نەرسە، ئو بولسا ھەم، تورمىش ئۈچۈن كېرەك بولغان كورەش يەعنى ئىقتىسادى تاماندان تەئمىن ئېتىلمەۋچىلىكدىر. ئەگەر ئو بالالارنىڭ يېمەك ئۈچۈن ئاۋقاتلارى، كىيىمەك ئۈچۈن كىيىملەرى بولسا ئېدى، ئولار شۇندەي يامان ئىشكە جورئەت ئېتمەس ئېدىلەر. شۇ سەبەبلىك، بىزلەرنىڭ تەربىيەسىز، باقىمسىز بالالار بىلەن كۆرەشىشدە تۇتقان يولىمىز، ئولارنىڭ ئىجتىماعى مۇھىتىنى ئوزگەرتىش، ھەم تەربىيە بېرىشدەن عىبارەتدىر.

ئىقتىسادى شەرائىت، ئىجتىماعى ئەھۋاللارنىڭ پايدىۋارىدىر. شۇ سەبەبلىك، ئىجتىماعى يېتىشمەۋچىلىكلەر يامان عادەتلەرنى تۇغدىرادىر.

كەنتە شەھەرلەردە بەعزى ئىشچى بالالارى ھېچ كىم قاراماقىدان خالىس ئوز ئىختيارلارىدا قالادىلار. ئاچلى — توقلى تۇرىشلارى سەياسىدە كوچەگە چىقىب ئاۋقات ئاختارىشقا مەجبۇر بولادىلار. كەنتە شەھەرنىڭ كوچە تۇرمۇشى بىلەن تانىشا ھەم تۇرمۇش بىلەن كۆرەشە باشلايدىلار. ئەلبەتتە، شوندەي يولدا بولغان بالا، جۇدە تېزلىك بىلەن ياراماس ئىشلەرگە بېرىلەدى. ئىشسىز بولىشى سەبەبلى ھەرخىل يامان يوللار بىلەن تۇرمۇش كېچىرە باشلايدى. — مەنە شۇ كىچىكىنە بىر مىسال بىزلەرگە ئاچىقىدان — ئاچىق ئىقتىسادىيەتنىڭ بالانىڭ عۇرف — عادەتىگە بولغان تەئسىرىنى كورسەتەدى. ئەگەر، بىزلەر شۇ بالالارنى ئالىب تېگىشلى تەربىيە بېرىب، ئىش ئورگەتە ئالساق، شۇبھەسىز، ئولار ئىجتىماعى تۇرمۇش ئۈچۈن فايدالى ئادام بولىب چىقادىلار، دېمەك، بۇنىڭ نەتىجەسىدە بالالارنىڭ عۇرف — عادەتلەرىگە تەئسىر ئېتۈچىلەردەن بىرىنچى ئورۇن ئىقتىسادى — ئىجتىماعى ۋاقىعالارغا بېرىلىشى ھەم مىراس سۈفەتلەرى ئىكىنچى ئورۇن تۇتقانى مەعلۇم بولادىر.

چۈنكى، ئادامنىڭ شەخسى مەزكۇر مىراس سۈفەتلەرى ھەم ئىقتىسادى — ئىجتىماعى ۋاقىعالار بىلەن بولادىر. شۇندەي، ئىشچى بالالارىغا تېگىشلى تەربىيە بېرىش ئۈچۈن، بالالار تەربىيە قىلىش يۇرتلارىنى كوپەيتىرىشىمىز زەروردىر.

* * *

بالانىڭ ئوسىشى ھەم تەربىيەسىدە ئېڭ مۇھىم ئىش ساغلىقىنى ساقلاش ئىشىدىر.

ئەگەر بالانىڭ كىچىك ۋاقتىدا ساغلىقىغا رىعايە قىلىنىشقا ئورگەتمەسەك بالانىڭ ئوسىشىگە جۇدە كەتتە زەرەر كېلگەن بولادىر.

ساغلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن زەرور بولغان شەرتلەر: ياخشى ھاۋا، ياتاتۇرغان جايى، كىيىملەرىنىڭ پاكىزە بولىشى، ئاۋقات مەنە بۇلەر ھەممەسى بالانىڭ ئوزىگە ماخسۇس بولىشى لازىم. بىر بالاغا ئويدە 4 موكەععەب گەز

هاۋا بولىشى كېرەك. چۈنكى هاۋا ياخشى بولىشى بىلەن بالانىڭ قان حەرەكەتى كۈچەيەدى. ئاۋروپالىلاردا، كەتتەلەر تۇرغان ئۆيلەردە بالالارنى باقمايدىلار. بەلكى، بالالارنى، بالا باقۇچى بىلەن بىرگە ئايرىم جايدا تۇتادىلار.

ئۆينىڭ هاۋاسىنى ھەر دائىم ئالىشتىرىپ، تازالاپ تۇرۇش كېرەك. چۈنكى، بالا ئۈچۈن زەرۇر، مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى هاۋانى تازالاشدىر. شۇنىڭ بەرابەرىدە، يارىغلىققا ھەم كەتتە ئەھەممىيەت بېرىش زەرۇردىر. چۈنكى، قارانغى ئۆيدە تۇرغان بالانىڭ كوزىگە زەرەر كېلەدى شۇ سەبەبىدەن، بالانى قۇياش ياقىنىسى تۈشكەن ئۆيدە ئاسىراش كېرەك. بالاغا سۇ بىلەن هاۋا قانداي كېرەك بولسا يارىغلىقنىڭ ئەھەممىيەتى ھەم شۇنچەدىر.

دېمەك بالا ساغلام بولىپ ئوسىش ئۈچۈن، سۇ، هاۋا قۇياش ھەم ياخشى ئاۋقات زەرۇردىر. بالانى كىچىك ياشىدان هاۋاغا ئورگەتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بالانى هاۋاغا ساعەتلەپ ئالىپ چىقىش لازىم. كۈز مەۋسۇمىدە توغىلغان بالاغا 3 ھەفتەدەن كېيىن قۇياش كورسەتسە بولادى. عۇمۇمەن بالانى 3—4 ياشىدان قۇياشلى جايلاردا يۈرگىزىش مۇمكىن بولادىر. بالا تۇرانۇرغان ئۆي قۇرۇق بولىشى لازىم. ئويدەگى هاۋانىڭ ھول بولىشى ئۇنىڭ سەلامەتلىگىگە كەتتە كەمچىلىك كېلتىرەدىر.

بالاغا ئاۋقات بېرىشدە جۇدە ئېحتىيات بولىش كېرەك. چۈنكى، ئولارنىڭ بەعزىلەرى بالانىڭ سەلامەتلىگىگە زەرەر كېلتىرەدىر.

كىچىك بالانى ئاناسى ئوزى ئېمىزىشى كېرەك. چۈنكى، بالانى ئاناسى ئېمىزمەسە، بالا كەسەل بولادى ھەم ئانا سۈتى بىلەن تەربىيەلەنگەن بالا عاقىل ھەم جىسمانى تاماندان سەلامەت بولادىر. شۇنىڭ بەرابەرىدە بالانى 10 ئايدان ئارتىق ئېمىزىش يارامايدى. ھەم 8 ياشغا يەتمەگەن بالالارغا گوشت، پالاۋ كەبى ئاغىر ھەزىم ئېتىلە تۇرغان ئاۋقاتلارنى بېرىش مۇمكىن ئېمەس. چۈنكى، بۇندەي ئاۋقاتلارنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن بالالارنىڭ بېزلەرى ئىشلەمەيدىر. بۇندەي ئاۋقاتلارنى يېگەن بالالاردا ئىچ ئاغرىقى حاسىل بولادىر. فەقەت، ئۈچ ياشارغا كېلگەن بالاغا، ھەفتەگە بىر مەرتەبە گوشتنى مەيدەلەپ بېرسە بولادى. شۇنىڭ بەرابەرىدە بالاغا قەند يېگىزىش مۇمكىن. بالاغا مۇمكىن قەدەرى ھەر خىل يىڭىل ھەزىم قىلىنانۇرغان ئاۋقات بېرىش فائىدالىقدىر.

بالانىڭ كىيىمى، ئۇنىڭ ياشىغا قاراپ ھەرخىل بولىشى كېرەك. بالا ئوسەتۇرغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ ھەرجايى بوش (ئېركىن) بولىشى لازىم. ياز، كۈز ھەم قىش مەۋسۇملەرى ئۈچۈن بالاغا ماخسۇس كىيىملەر بولىشى زەرۇردىر. قىش كۈنلەرىدە، جۈن ـ پاختادان بولغان ھەرخىل، قالىن كىيىملەرگە ئوراپ يۈرگىزىش كېرەك ئېمەس. ھەم بالانىڭ كۈندۈزى ـ كېچەسى كىيە تۇرغان كىيىملەرى ئايرىم بولىشى لازىم. بالانىڭ توشەكچەسى جۇدە مۇلايىم ـ يۇمشاق بولماسىن، ھەم ئۈستىدە ياپىلغان كورپەلەرى پاكىزە بولىشى شەرتدىر.

بالانىڭ ئولتىرا تۇرغان ئۈستەلچەلەرى، ئۇنىڭ ياشىغا ماخسۇس بولسىن. بالا بىر نەرسەنى قاراغانىدا، يازغانىدا (ئۇ نەرسە) بالانىڭ كوزىدەن 35 سانتىمېتىر ئۇزاقلىقدا بولىشى لازىم.

ساغلام بالا توغىلغانىدا، ئورتاحساب بىلەن ئۇزۇنلىغى 50 سانتىمېتر ئاغرلىغى 3.000 گرام (6 ئايلىق ۋاقتىدا 6 مىڭ گرام) بولىشى لازىم. بالا بىر ياشىدا 70 ھەم 2 ياشىدا 80 س. م بولادى. بالا ئاناسىنىڭ قارنىدا تېز ۋە توغىلغانىدان كېيىن سېكىنراق ئوسەدى. 2 ياشىدان 6 ياشىغا قەدەرى، بالا ھەر يىلدا 6—7 سەنتىمېتر ئارتادى. لاكىن، قىز بالالار، ئېركەكلەرگە قاراغاندا كەمىراق ئوسەدىلەر. قىز بالالار 13—14 ياشگە قەدەر ھەم ئېر بالالار 14 ياشدان كېيىن تېز ئوسەدىلەر.

ساغلىقنى ساقلاش علمى بالانىڭ جىسمانى تەربىيە يوللارىنى ئورگەتەدى ھەم ئۇنىڭ عاقلى تەرەققىسىگە ياردام بېرەدى.

ياخشى ئاۋقات ھەم دورست تەربىيە بېرىلمەگەنىدەن بىر ياشىغا يەتمەگەن بالالارنىڭ %47ى ئولەدى. بالا بىر ياشدان ئوزغاندان كېيىن ئەنچە كەسەللىكلەرگە قارشى كۆرەشىشگە قۇۋۋەتى يەتە باشلايدى. شو سەبەبلىك ئولىم بەلاسىدان قۇتۇلا باشلايدىلار.

ماخسوس بالاغا تەربىيە بېرىش يورتلارىدا تەربىيەچىلاردەن تاشقارى ئەلبەتتە دوختىر ھەم بولادى. دوختىر بالالارنى كەسەلدەن قوتقارىش بەرابەرىدە، بالالارغا حاس بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى ئورگەتەدى. ھەم بالانىڭ ئاناسىغا كېڭەش بېرەدى.

بالالار ئورتاسىدا كوب تارقالغان ئىچ كەسەلى (راحەت) هاۋا بۇزۇق بولىشى ھەم يارىغلىق ئازلىقدان كېلەدىر. بو كەسەل، كوبىرەك كەمبەغەل ئىشچى عائىلەسىدە

كوبرەك بولادى. چونكى، ئۇلارنىڭ تۇراقى جايلارىدا يارىقلىق ئاز، ھاۋا بۇزۇق ھەم يېمەك ئاۋقاتلارى پەست بولادى.

عومومەن تۈركىستاندا بو كەسەللەر باشقا جايلارغا قاراغاندا كەمراق، چونكى تۈركىستاندا يارىقلىق كوبرەكدىر. بو كونگە قەدەرى بىزلەرنىڭ ئارامىزدا خالقنىڭ مەدەنى دەرەجەسى تۆبەن بولغانى ئۈچۈن عائىلەدە بالا تەربىيەسى ھەم تەربىيە يورتلارىنى كوبەيتىرىش ئىشىگە ئاز ئەھەمىيەت بېرىلدى. ئۈندەن كېيىن، بىزلەر بو جەھەدەگى ئىشلەرىمىزنى كۈچەيتىرىشىمىز ھەم كوپچىلىكنى، عاممەنى بو ئىشكە جەلب قىلىشىمىز زەروردىر.

كەللىكتىپ

# مەكتەبگەچە تەربىيە ئىشلەرى

تۈرمىشنىڭ تەلەبى بويىنچا، بۈندەن يۈز يىل ئىلگەرى، پېدەگوگىيە فەنى توغىلدى. پېدەگوگىيە فەنى ئادام بالالارىنى تەربىيە قىلىش ئۇسۇلىنى كورسەتكەن بىر فەندىر.

عائىلە ئۈچۈن، بالا كەتتە سۆيۈنچ، بالانى ھەر كىم ياخشى كورەدى، لېكىن، شۇ ياخشى كورگەن مېۋەسىنى ئېگىشلىچە تەربىيە قىلا ئالمايدى. شۇ سەبەبلىك، ياش كۈچلەرىمىزنى ياخشى، تۈرمۈش ئۈچۈن حازىرلىكلى ئادام قىلىب تاييارلاشىمىز ئۈچۈن، بىزلەر، بالانى ياخشى ياخشى تەربىيەچىلەرگە بېرىشىمىز كېرەك.

ئاۋروپادا بۇ مەسئەلە بۈندەن يوز يىل ئىلگەرى قوزغاتىلغان. ئاۋروپا عالىمى فرېبېل بالالار باقچاسى تەئسىس قىلغان. ئېيتىدى، نىمە ئۈچۈن «بالالار باقچاسى» بولىب ئاتالغان دىيىلسە، شۇنى ئەيتىشىمىز توغرى كېلەدى: باغ ـ باقچادا ھەر خىل ئوسۇملىكلەر ئوسەدى. شۇلەرنى ئوستىرىش ئۈچۈن قانداي تەربىيە كېرەك بولسا، ئىنسانىنىڭ نەۋچەسىنى يېتىشتىرىش ئۈچۈن ھەم شۇنداي تەربىيە زەرۇردىر. بەس ھەر بىر نەۋچەنىڭ تەربىيەلەنگەن جايى باقچا دىيىلسە مۇمكىن بولادىر.

ياش بالالارنى بەدەنى ھەم روحانى تەربىيە قىلىش بىزلەرنىڭ ئېڭ مۇھىم ۋەزىفەلەرىمىزنىڭ بىرىسىدىر.

شۇ سەبەبلىك، ياش بالالارنى تەربىيە قىلىب ئوستىرىشدە تەربىيەچىلەرنىڭ رولى ھەم ۋەزىفەلەرى خۇسۇسىدە بىر ئاز توختالامىز.

مەكتەبگەچە تەربىيە مۇئەسسەسەلەرىنىڭ جانى، جىسمى ئۇ ھەم بولسا، تەربىيەچىلەر، مۇرەببى ۋە مورەببيەلەردىر. ھەم فەقەت بالالارنى سۆيۈچىلەرگىنە بۇ مۇئەسسەسەنىڭ حەقىقى ئىشچىسى بولا ئالادىر.

ياش بالالار ئورتاسىدا تەربىيەۋى مۇحىت تۈزۈشدە تەربىيەچىلەرنىڭ رولى جۇدە مۇھىمدىر.

مەزكور مۇحىت، بالالاردا بولغان ئىجادى سۈفەتلەر ھەم كۈچلەرنى تەرەققى ئېتدىرش ۋە ئۇلەردە بولغان ھەر بىر باشلانغىچلارنى ۋۇجۇدگە چىقارىش ئۈچۈن ھەم ئۇلەرنىڭ ئوز ـ ئارا تەشكىل ئېتىلىشلەرى مۇۋافىق بولىشى لازم. مۇرەببى (تەربىيەچى) نىڭ ۋەزىفەسى بالالارداغى ياخشى سۈفەتلەرىنى تەرەققى ئېتدىرىش، سۆيۈچلىك مۇحىتىنى توغدىرىش، ئوزىنىڭ شەخسىگە ياخشى بىر قاراش ھەم شادلىقلى بىر حىسلەرنى توغدىرىش، ساغلىق بېرەدىگەن ئىشلەرنى سۆيدىرىش ھەم تۈرمىشنىڭ ھەر بىر ۋاقىعاسىغا تەنقىد نەزەر توغدىرىشدان عىبارەتدىر.

تەربىيە بېرىشدە ئېڭ مۇھىم بولغان يوللارنى تەربىيەچى دائىمەن ئېسىدە تۇتۇشى لازم. ئۇ، يوللارنى توبەندەگىچە تەسۋىر قىلىساق بولادى:

بالالارنىڭ عۇمۇمى روحى، ئۇلەر ئورنىدا بولغان موحيت ھەم تەربىيەچى ئوزىنىڭ سۈفەتلەرى (ئاۋىشى، باشقالارغا بولغان مۇعامەلەسى، ئازادەلىگى، دورست سوزلىگى، ئاچىق يۈزلى بولىشى، ئېزئوز گەر ـ مەسلىگى ھەم سابىر بولىشى تەربىيەچىنىڭ مەنە شۇنداي روخانى ھەم جىسمانى سۈفەتلەرى) بالالار تەربىيەسىدە ئېڭ كەتتە ئەھەمىيەتكە ئېگەدىر. بالالارنىڭ مەنفەعەتىنى كۈزەتىش، ئەخلاقى دەرەجەسى ئېڭ يۇقارى تەعلىم ـ تەربىيەچىلىك ۋاقىعەلارىدان بىرىسىدىر.

تەربىيەچىلەرنىڭ، مۇندەرە جەجېھەتىدەن بىر بولغان، بىر ـ بىرىگە باغلانغان ئىشلەرى ئۈچ تارماققا بۆلىنەدى:

1 ـ بالالار بىلەن بولاتۇرغان ئىش يەعنى تەربىيە ئىشلەرى.

2 ـ بالالارنى ئېكىشدىرىش ئىشى يەعنى بالالار حاقىدا ھەر خىل ئېكىشىرىش ئىشلەرىنى داۋام قىلدىرىب، ماتېرى ـ يالالار توپلاب، ئۇلار حۇسوسىدا كۈندەلىك دەفتەر يۈرگىزىش.

3 - بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلارى ئورتاسىدا ئىش ئالىپ بارىش يەئنى جەمائەتچىلىك ئىشلەرى تەشكىل قىلىش.

شۇ سەۋەبلىك، ھازىرغى ۋاقىتتا، تەربىيەچىلەر ئىجتىمائىي رەۋىشدە روھلانغان بولىشلارى لازىم. ئۇشبۇ مەسئۇلىيەتلى ھەم ئۇلۇغ سۈپەتتەگى ئىشلەرنى بەجەرىش ئۈچۈن تەربىيەچىلەرنىڭ كۆپ مەئلۇماتلىق شەخسلەردەن بولىشلارى شەرتتىر. ئۇلەردەن ئۇمۇمىي مەئلۇمات، ئۇمۇمىي تەئلىمات ھەم خۇسۇسى، مەكتەپگەچە تەربىيە بېرىش مەئلۇماتلارى بولىشى لازىم. بۇندەن ئاشقارى تەربىيەچىلەر تەبىئەت بىلەن ياخشى تانىش بولىشلارى بەرابەرىدە ئادامنىڭ ئۆزگۈرىشىدەن كۆپ سۈرئەتدە خەبەردار بولىشلارى زەروردىر.

بالالارنىڭ دىققەتىنى جەلب ئېتكەن تەبىئىيات، گۈللەر، ھەيۋانلار ھەم قۇشلار ۋە ھەر خىل ئويۇنلارغا تەربىيەچىلەر ھەۋەسكەر بولىشلارى لازىم. ھەر بىر تەربىيەچى، بالالارنى سۆيسە، ئۇلەرنى ياخشى كورسە، كېلگوسىنىڭ چىن ئادامى بولادىغان ياش بالانىڭ باھاسىنى، قەدر قىممەتىنى بىلسە، بالالارنىڭ ئويۇنلارىنى تۇشۇنسە ھەم سۆيسە، بالانىڭ ئويۇنداغى ئىجادلەرىنى ھەم ئۆزىنى كورسەتىشلەرىنى ياخشى ئاڭلاپ ئۇنگە باھا بېرە بىلسە.

بۇنىڭ ئۈچۈن، تەربىيەچى ئۆزىنىڭ بالا ۋاقتىنى كوبرەك ئويلاشى كېرەك. ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋاقتىدا بولغان خۇرسەنتچىلىك ۋە خەفە بولغان ۋاقتلەرىنى خاتىرلاش بۈگونگى كۈندە تەربىيە ئالادىغان بالانى تونىش ئۈچۈن ئېڭ ياقىن يارداماچى بولغوسىدىر.

تەربىيەچى بالالارنىڭ ھەر بىر ئويىنىغا كەتتە ئەھەممىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى، بالا ئويۇن ئىچىدەن تاپقان بەختىنى، بالا ئويۇن ئىچىدەن تاپقان لەززەتنى ھېچ قايدان تاپىش مۇمكىن ئېمەس. ئەگەر بىزلەر تەبىئەتكە كوز سالساق، ئۇندە حايۋانلار، قۇشلار ئۆزلەرىنىڭ بالالارىغا تۇرمۇشدا كېرەكلى بولغان ئۆرف - ئادەتلەرىنى ئويۇن بىلەن ئۆرگەتكەنىنى كورەمىز.

بالا ئويۇن ئارقالى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قۇرالىنى تۈزەدى. بالانىڭ حەرەكەتى ئويۇنى شۇ قەدەر ئەھەممىيەتلىك بولغانى ئۈچۈن، بالا تەربىيەچىسى بولغان ئادامالار بالا تەربىيەسى خۇسۇسىدە يازىلغان كىتابلارنى ھارماسدان، چارچامەسدەن ئوقىشنى ھەم تەربىيە قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ مەئلۇماتىنى كېڭەيتىرە بارىشى لازىم.

بالالار تەربىيەچىسى، بالانى ئۆزىنىڭ جانى دېپ بىلىپ ئونى تەربىيە قىلىش ئۈچۈن جىددى ئەھەممىيەت بېرىشى زەروردىر. بىزلەر (تەربىيەچىلەر)نىڭ قولىمىزدا مىڭلەرچە بالالارنىڭ تەقدىرلەرى حەل ئېتىلەدى.

بالالار تەربىيەسىدە، ئۇلارنىڭ ياشلارىغا، ئېئتىبار ئېتىش لازىم. چۈنكى ھەر بىر ياشداغى بالانىڭ ئوزىگە مەحسوس خۇسۇسىيەتى بولادى. ئۇلارنى ئېختىيارسىز رەۋىشدە، ئوزلەرى ئىستەمەگەن ئويۇنغا، ئىشكە ماجبور قىلىش مۇمكىن ئېمەس.

تەربىيەچى، بۈتۈن كۈنلەر بويىنچا، بالالار ئورنىسىدا، ئۇلارنى چارچاتماسدان، ئويۇشقان حالدا مەشغول قىلىپ ئوتكەزىشى ئۈچۈن، ئالدان تەرتىبلىك ئىش پىلانى تۈزۈپ بۈتۈن ئىشىنى شۇ پىلانغا مۇۋافىق داۋام قىلدىرىشى لازىمدىر.

تەربىيەچى ئىش پىلانى تۈزگەندە ئۇشبۇ پىلانغا كىرگىزىلەتۇرغان ئىشلەر، بالالارغا ئاغىر بولماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك.

## بالالارنى قابول قىلغان ۋاقتدا.

تەربىيەچى ئاتا ــ ئانالارى بىلەن بالانىڭ ئۇمۇمىي ئاحۋالى، بالانىڭ ئۆيدەگى تەربىيەسى توغرىسىدا، بالانى ئالىپ كېلگەن ۋاقتلاردا بالانىڭ كوز ئالدىدا موساحەبە قىلىشى كېرەك. بۇ ئىش جۇدە كەتتە تەئسىر قالدىرادى.

چۈنكى، بالادا: «تەربىيەچى مېنگە ئاتا ــ ئانامدان ھەم ياقىنراق ئادام ئېكەن» دېگەن فىكر توغىلادى. بالا تەربىيەچىدەن قورقماسىن، ئۇيالماسىن، تەربىيەچىگە ئىشەنسىن، ئەگەر، بالا تەربىيەچىگە ئىشانار ئېكەن، ئۇ، ئۆزىنى ئېركىلى حىس ئېتەدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەربىيەچى بالاغا ئۆزىنى جۇدە ياقىن قىلىپ تونىتىشى كېرەك:

بالا، تەربىيەچىسىنى ھەر ۋاقت ياخشى كورەدى، ئاناسىغا قاراغان كوز بىلەن قارايدى. شۇ سەبەبلىك، بالانى قابول ئېتكەن ۋاقتدا بۇندايى ياقىنلىق حىسسىنى ئويغاتىش كېرەك.

بالالار باقچاسىدا قەتئى بېلگىلەنگەن تەرتىب جۇدە بۈيۈك ئەھەممىيەتگە ئېگەدىر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالالارنى قابول ئېتىش بەرابەرىدە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلارىنى تەرتىبگە سالىش ئىشىگە ئەھەممىيەت بېرىلىشى زەرور. چۈنكى، بالالار ھەر كۈندە ئېگىزىشلى تەرتىب كورسەلەر،

ئېزلىك بىلەن ئوزلەرىگە خاس شەرائىتتە بىرلىك (ئىجتىماعى) تۇرمۇشقا كىرەك بولغان باشقا عادەتلەرنى هەم ئورگەنىپ ئالادىلار. فەقەت، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلارىغا تەرتىپ بېرىش زەرۇر.

بالالار باقچاسى، بالالارىمىزنىڭ ساغلىقىنى ساقلاش، مەدەنى رەۋىشتە ئوسىشلەرىگە يولباشچىلىق قىلغوچى بىر جايدىر. بۇ نەرسەنى بالالارنىڭ روحىغا سىڭدىرىشىمىز هەم شۇنىڭ ئارقالى ئۇنىڭ عائىلەسىگە كىرگىزىشىمىز زەرۇر. بالالار كىيىم كىيگەن ۋە كىيىم سالغان ۋاقىتلارىدا بىر بىرىگە ياردامدا بولىشلارى هەم ئۇلار ئاراسىدا دوستلىق، ئورتاقلىق، بىرلىك حاسىل بولىشىغا سەبەبدىر. دىمەك، بالالار باقچاسىنىڭ تەربىيەسى سايەسىدە كېلگوسى ئىجتىماعى تۇرمۇشقا چىن مەعناسى بىلەن ساپ مەفكورەلى، فەععال ئىجتىماعى ئونسۇرلەرنى تاييارلاپ چىقارامىز.

تەربىيەچى بالانىڭ عائىلەسىدە ئىشلەنەتۇرغان ئىشلەرنى (ئىجتىماعى تەربىيەنى ۋۇجۇدگە چىقارىش ئۈچۈن) بالانىڭ عائىلەسى بىلەن عەلاقەدە بولۇپ تېكشىرىشى لازىم. بالاغا تېگىشلى تەربىيە بېرىش ئۈچۈن، تەربىيەچى ئۇ، بالانىڭ عائىلەۋى موحىتىنى بىلىشى لازىم.

چۈنكى، بالا عائىلەدەن چىققان هەم ئۇنىڭ جىسمانى ۋە روحانى تەربىيەسى، عۇرف عادەتى شۇ عائىلەۋى مۇحىتتەن زۇهۇر بولادى.

شۇ سەبەبلىك بالانىڭ عائىلەسى بىلەن جىددى رەۋىشتە تانىشىش، بالانىڭ ئاتا-ئاناسى قايسى جىنسىدەن مەعلۇماتى ۋە ئىجتىماعى ئەحوالى قانداي ئېكەنىنى ياخشى ئۇقۇشىمىز زەرۇردىر.

تەشكىل قىلىنغان باقچادا بالالارنى تەربىيە قىلىش بىلەنگىنە قەناعەتلەنماسدان عاممەنى تەربىيە قىلىش ئىشىگە هەم كەتتە ئەهەممىيەت بېرىشىمىز لازىم.

باقچانى تەشكىل قىلىشدا، ئالدىمىزغا قويىلغان مەقسەدلەرنىڭ بىرى بالالارنىڭ ئانالارىنى، باشقاچا ئېيتكەنىمىزدە دىنى خورافات نەتىجەسىدە عائىلە قۇللىغىدا تورت دىۋال ئورتاسىدا سىقىلىپ ياتقان خاتىن-قىزلارنى ئازادلىققا چىقارىپ، ئىجتىماعى تەشكىلاتلارغا قاتناشارلىق هەم ئوزىنى ئىدارە قىلارلىق حالگە كېلتىرىش ئىشىدىر.

جەهالەتكە ئەساسلەنگەن عۇرف عادەتلەرى بىلەن كۈرەشىپ، عاممە ئورتاسىدا بولغان ياراماس خورافەتلەرنى-عادەتلەرنى يىتىرىپ، مەعرىفەت ئەساسىگە قۇرىلغان مەدەنى عۇرف-عادەتلەرنى عاممە ئاراسىغا تارقاتىش ئىشلەرى بىلەن عاممەنى تەربىيە قىلىشىمىز لازىم.

ئەگەردە بىزلەر يېرلىك خالق عائىلەسىدە تەربىيەلەنگەن بالانىڭ تەربىيەسىگە نەزەر قىلساق، ئۇنىڭ هەر تاماندان كېيىندە قالغانىنى قىزغانىچ حالدا ياشاغانىنى كورەمىز. بۇنىڭ بىرىنچى سەبەبى، بالا توغىلغاندان كېيىن، ئۇنى بېشىككە بېلەپ، جىسمىنى تېگىشلىچە تەرەققى قىلدىرماسدان ئۇنىڭ مىيەسىگە ۋە عۇمۇمەن بۇتۇن جەسەدىگە زەربە بېرىشدىر. يەنە، بىزلەردە، بالانىڭ ئوزىگە مەخسۇس روحانى، بەدەنى تەربىيەسىگە، ئاۋقاتىغا هەم ساغلىقىغا هېچ قانداي ئەهەممىيەت بېرمەيدىلەر. بالانى كەتتەلەر بىلەن بىر قاتاردا حىسابلاپ ئوزلەرى قانداي ئاۋقات يېسەلەر بالالارغا هەم شۇنى بېرەدىلەر. هەم بالا كەسەل بولغان ۋاقىتلاردا دوختۇرگە مەسلەحەت قىلماسدان، مەعلۇماتسىز تەبىبلەرگە ئىشانىپ كوپ ۋاقىتلاردا بالانىڭ، ۋاقىتسىز ئولگەرى، ئولىشىگە سەبەب بولادىلار.

بالانىڭ بېرگەن سوئاللارىغا توغرى جاۋاب بېرىش جايىغا هەم ئۇلار بىلەن سوحبەت قىلىش ئورنىدا، رۇحەن نەئسىر قىلىپ ئۇنى ئوزلەرى ئالدىدان هەيدەپ يۇبەرەدىلەر. ئۇنىڭ هېچ بىر تىلەگىنى ۋۇجۇدكە چىقارمايدىلار. بۇ سەبەبلەردە بىنائەن بالا هەر جىهەتتەن ئارقادا قالىپ كېلگوسى ئىجتىماعى تۇرمۇشقا يارامسىز بىر كىشى بولۇپ تاييارلانىشى ئېحتىمالدىر. مەنە بۇ ئەحواللەر هەممەسى خالقىمىزنىڭ مەدەنىيەتتەن ئارقادا قالىپ، بىلىم دەرەجەلەرى پەست-ئاڭسىز بولىشلارىدان كېلىپ چىققان بەختسىزلىكدىر. بۇ بەختسىزلىكنى يوقاتىش ئۈچۈن مۇمكىن قەدەرى، مەكتەبگەچە تەربىيە يۇرتلەرىنى كوپەيتىرىش چاراسىنى كورىش، عاممە ئاراسىداغى ئاڭسىزلىقنى يوقاتىپ مەدەنى رەۋىشتە بالا تەربىيە قىلىشنى هەر بىر عائىلە ئەعزاسىغا ياخشى توشەندىرىش هەر بىر تەعلىم-تەربىيە ئىشچىسىنىڭ بىرىنچى ۋەزىيفەسىدىر.

ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى يىللارىدا بالالار باقچاسى تەشكىل قىلىنغان بولسا هەم، بىرىنچىدەن بۇ ۋاقىتلاردا خالقنىڭ تۇرمۇشى، كۈن كېچىرىشى جۇدە ئاغىر بولغانى هەم ئىككىنچىدەن، عاممە بالالار تەربىيەسىگە، باقچانىڭ ئەهەممىيەتىگە توشىنەلمەسلىگىدەن، مەدەنىيەتسىزلىك زور بولغاندان بالالارنى باقچاغا يۇبارىشقا قورقادىلار.

خالق ئاراسىدا «بالالار باقچاسىغا بارغانلارنى كەمىو- نىست قىلادىلار، ئۇلەر، خۇداسز بولادىلار» دېگەن ئېسكەرى تەشۋىقاتلار تارقالدى.

ئەمما، خاتىن ـ قىزلار كۈندەلىك ئىجىماعى تۇر- مۇشقا قاتناشا باشلاغاندان كېيىن بالالار باقچاسىغا كوپ- چىلىكنىك نەزەرى ياخشىلاندى، سېكىنلىك بىلەن بالالار باقچاسىنىك ئەھەمىيەتىنى تۇشۇنىب بالالارىنى باقچاغا بېرە باشلادىلار. دېمەك، بالالار باقچاسىنى سان جىھە- تىدەن كوپەيتىرىش ئۇچۇن، ئايىنىقسا، خاتىن ـ قىزلار ئورتاسىدا تەشۋىقات يۇرگىزىش كېرەك بولادىر. ئەگەر، تەربىيە ئەساسى مەكتەبىگە قەدەر ياخشى يولغا قويىلماسا، مەكتەبىدە بالانىك كېرەك قەدەر مەعلومات ئالىشى، ھەم عالى مەكتەبلەرگە كىرىشى جۇدە مۇشكىل ئىشدىر. مەك- تەبگەچە تەربىيە كورمەگەن بالانى 2 يىل ئورنىدا 4 يىل ئوقىتىشقا توغرى كېلەدى.

* *
*

بۇ جەبھەدەگى ئىشلەرىمزنى جانلانىدرىشدا ئېلك مۇھىم ۋەزىفەلەرىمزنىڭ بىرى مەكتەبگەچە تەربىيە ئىشچىلەرى يېتىشدىرىشدىر. ھازر بزدە مەكتەبگەچە تەر- بىيە ئىشچىلەرى جۇدە ئاز. شۇ سەبەبلىك، بۇنداي (مەكتەبگەچە) تەربىيە يۇرتلارىنى كوپەيتىرىشىمز قىيىن حالدا ھەم نەتيجەدە كوبچىلىك بالالار تەربىيەدەن مەحروم قالماقدالار. مەنە بۇ قىينچىلىقدان قۇتۇلىشى ئۇچۇن عاممەنى تەشكىل قىلىش ۋە بۇ يولداغى ئىشلەرىمز ئولارنى عەمەلى ئىشتىراك قىلدىرىشىمز زەروردىر.

ئىككىنچىدەن، بۇ كۈنگەچە بەعزى بر ئوقۇتۇچىلار ئورتاسىدا بولغان ئېسكى بىر نەزەرنى يوقاتىش كېرەك. بۇ كۈنگەچە شونداي بىر قاراش بولىب كېلدى. گو- ياكى تەربىيەچىلەر مۇرەببىيەلەر بالا قاراغوچى خادىمە- دېب ئۇلەرگە ئېعتىبار قىلماسلىقلار بولدى. شۇ سە- بەبلىك بىزلەر بۇنداي نەزەرلەرگە قارشى جىددى كۈرەش ئالىب بارىشىمز لازم. ھەم ئوقۇتۇچىلار ئور- تاسىدا، مەكتەبگەچە تەربىيە ئىشچىلەرىنىك ئىجتىماعى تەربىيە ئىشلەرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقانىنى مەعلوم قىلىب ئۇلارنىك ئوقۇتغۇچىلار بىلەن بىر تېككىز ئىعتىبارلى بولىشلارىنى ياخشى تۇشىنىدرىش زەروردىر. چۇنكى، مەكتەبگەچە تەربىيە ئىشچىلەرى ھەم، ئوقوتغو- چىلار بىلەن بىر قاتاردا، بىر سەفدە تۇرۇب ئىجتىماعى تەربىيە ئىشىنى تەشكىل قىلىشدا ئىشتىراك ئېتمەكدەلەر.

* *
*

بىزلەرنىڭ ۋەزىفەمىز ياش ئوسمىرلەرنى، ئورۇن باسارلارىمزنى كەمونىزىم دەۋرىگە ئېرىشدىرىش يولىدا تاييارلاش ئىشىدىر. ئەلبەتتە، بۇ، بۇيۇك مەقسەدنى يۇ- زەگە چىقارىلىشى كوبچىلىك عاممەنىڭ مەدەنىيەتلى بو- لىشىغا باغلىدىر. ئوشبو عالى مەقسەدگە ئېرىشىش ئۇ- چۇن مەكتەبگەچە تەربىيە يۇرتلارىنىڭ ئىشچىلەرى ئو- قوتغۇچىلار بىلەن بىرلەشىب عاممەنى مەدەنى سەۋىيە- سىنى كوتەرىش يولىدا ئىشلەشلەرى لازم. چۇنكى، كەمونېزىم روحىدا تەربىيە بېرىش يالغىز، كەمونستلەر ئىشى ئېمەس، بەلكى، ھەر بىر زىيالى كىشىنىك ۋە- زيفەسىدىر.

بۇ ئىشلەرىمزدەگى كەمچىلىكلەرىمزنىك بىرى ماتـ- بوعاتكە قاتناشماسلىغىمزدىر. ماتبوعاتكە ئىشتىراك قىلغا- نىمزدا مەكتەبگەچە تەربىيە ئىشلەرىگە كەتتە فائىدا كېلتىرىشىمز بەرابەرىدە ئۇنىڭ كەمچىلىكلەرى خۇسۇ- سىدا ماتبوعات ئارقالى عاممەنىڭ فىكرىنى تۇشۇنەمز.

كېرەكلىك ئىشچىلەرنى، مۇئەسسەسەلەرنى شۇ ئىشكە جەلىب قىلىب ئۇلەرنى ئۇيۇشدىرەمز. ھەم شۇ خۇسۇسىدا كېرەكلى ئىزاحەتلەرنى بېرەمز.

ئۇيدە بالالارغا قايسى يوللار بىلەن تەربىيە بېرىش كېرەكلىگىنى مەتبوعات ئارقالى مېحنەتكەش ـ دېھقان- لارغا ئېرىشتىرە ئالامز.

كەللىكتيف.



Telegram adress:
@turkiston_kutubxonasi




## ياشلىقنى ئېسلەب..

(مادى ناقناشىغا نەزىرە)

دۇنيا ئېكەن؛
چەمەنزارلار ئۆتۈب
ئېشىب تاغلاردان.
قۇياشدان نۇر ئېمىب،
قۇم، ئۇنلاقلاردان
ئويناب... كۈلىب..
(ئارمان بىلەن)
ئۆتەر ئېكەنسەن.

---

بىز ياش ئېدىك.
تەنلەر - ئالاۋ،
قەلب - قايناق،
كوزلەر - ئوتكۇر،
دىللەر - ساف؛
ئېركىن - ئېركىن ئوينارديق.
ھايات بىلەن قاينار ئېدى.
ياش قىشلاق.

---

بىر ياندا - تاغ...
بىر ياندا - باغ...
سۇۋ ساچاردى...
گۈل ئاچاردى...
كېڭ - كوچەلەر، ...
ئۇزۇن - يوللار...
پارلار ئېدى
شەم - چىراغ.

---

سۇۋ ئاقاردى.
قويندا،
كوكرەك كېرىب،
بالىق كەبى،
شوڭغىب... ئوينارديق.
قىزلار ئۇتسا
ئارقاسىدان
ئالما ئاتارديق.

---

نۇرلى - ئايدىن كېچەلەر.
پارلار ئېدى كوچەلەر.
توپلانارديق،
«ياشىن - ياشىن» ئوينارديق.
سوڭ چار چارديق.
دېڭىز كەبى دولغالارنى تاشلاب بىز،
راھەت، راھەت،
بىر قوزى دېك ئۇخلارديق.

---

كۈنلەر ئۆتدى.
شەھەر بىزنى،
ئالاۋ كوزلى،
تيمر تەنلى
ئات بىلەن
كوكرەگىگە چاقىردى.
ئۇزاق كېتدىك،
يولدا تاغلار،
بىر تېگىرمان تاشى دېك،
چىر ئېيلەنىب قالدىلار.
ئۇل كېشەنەدى،
مەغرورلەرچە باقردى.
ياش كوڭۈللەر،
ئۇلۇغ، ئالۇۋان ھەسلەرنى،
يولغا سېپىب،
سوڭ زاۋۇتلارغا ئالدىلار.

---

يىللەر ئۆچىب كېتدىلەر.
كوب باھارلار
قانات يازىب،
تىلەكلەرگە يېتدىلەر؛
بىز شەھەرنىڭ
كۈرەش مارشىن ئۆرگەندىك.

---

قانات، بەعزەن يىللاردا،
تاشقىن سۇۋلار ئاقالار،
بىزگە قاراب.
«كېل، كېل!» دېيىلەر
قۇياش ئېمىب باقالار.
ياشلىق ئېسگە تۇشەدى...
سوگرە چارچاب، تالامىز.
ئاھ... ئۇنا ئەرنى ئېسلەب، ئېسلەب،
بىر نەفەس جىم قالامىز.

---

لېكىن، دىلدە
كۈرەش ئوتى سونمەيدى!.
ئەلەم يەنە
قانات يازىب كۈلمەيدى!.

ھەمىد عالىمجان
سەمەرقەند.

# قىز.

ئۇيغۇن.

I

قەلبىدىن يۈكسەلەردە كۆچسىز بىر نالە
روھسىز چىراغلارنىڭ ئۆچكۈنى كىبى
باغرىڭدا ئۆسكەندەكى قالاردان لالە
يۈزلەرىڭ ياپراقلار خەزانى ئىدى.

---

زىياسىز ئۆنلەرنىڭ سىياھ قوينىدا،
سازىڭنىڭ ئۈنلەرى تىترەپ ئۆچەردى.
سۆزگىن كوزلەرىڭنىڭ كۆمىش داناسى،
بىر ئۆزرە ئاماردى... تۈپراق قۇچاردى.

---

سولغىن يۈزلەرىڭدەن بىر نىگاھ تاشلاپ،
قەلبىمگە سانچاردىڭ ئاغۇلى تىكەن.
دىللەرىڭ ئەلەملەر مەسكەنى ئىكەن،
ئىڭرەردىڭ سازىڭلە دەردلى كۈي باشلاپ.

---

كۆچسىزدىڭ، تۈنتۈندىڭ قەفەس قوينىدا
ئاغۇلى تىللەردەن قارغىش تىڭلەردىڭ.
ھەسرەتلى تۈنلەردە، ئاچچىق فەريادلەر
قەلبىڭدەن ئۆچەردى... مەئيۇس ئىڭلەردىڭ.

---

II

ئەلەنگەلەر ئۇيناپ نۇرلەر ساچىلدى
باھار ياشناپ كۈلدى چەمەن قوينىدا
مەجروھ يۈرەكلەردەن ئەلەملەر ئۆچدى
بەخت كوردىم بارلىقنىڭ نۇرلىك باغرىدا

---

كوردىم، بوكۈن سەۋىنچ عىسيان ئېتەدى
بەرقۇت كوزلەرىڭدە بىر تولقۇن باشلاپ.
«ئېرك»، كۈيى قەلبلەرگە ئاھەڭلەر تاشلاپ.
دوداقلاردان ئۆچەب ھەريان كېتەدى.

---

تاڭلارنىڭ ئاق سەر سەر سىنەلەردەن -
فەبرىك تۈتۈنلەرى بوسە ئالغاندا
ھەرسە ھەر شەپەدە كۆمىش ساچ يازىپ،
گۈدۈكلەر دىللەرگە ئىلھام سالغاندا -

---

ئېركىن دوداقلاردان كۈلگىلەر ساچىپ،
قىزىل رومال باغلاپ ئوينەپ قالاسەن.
فەبرىكەڭدە نۇرلەر قوينىدا ئىشلەپ،
ھەيات چەمەن ئىكەن زەۋقنى تالاسەن.

---

باھار كۈلىپ، ھەريان چىچەكلەر ساچمىش
قىز قەلبى گۈل ئىكەن ياپراقلار ئاچمىش.

ئۇيغۇن

سەمەرقەند

# تاڭغى تاۋۇشلار...

گاستېۋدەن. مىرتېمىر

ئېرتەلەبكى گۈدۈكلەر قىچقىرغاندا، سىز ئۇنى ئاراماسىزلىك، تىنچلىقنىڭ جارچىسى، دېب ئويلامالىك....

— ئۇ، شانلى بولغۇسىنىڭ قوشىغىدىر!

قاچاندىر بىز ئىشلەگەن چاقلاردا... ئېرتەلەب باشلاغان ئىش، ئەللە قايسى چاقلارغاچا چوزىلماسمىدى؟..

بۇ كۈنكى گۈدۈكلەر، بىلگىلى بىر دەقىقەدە، بۈتۈن مىليونلارغا قاراب كۈيلەيدىر...

بىز، بۇ چاقلاردا - بۇ كۈنلەردە مىنۇتمە - مىنۇت باشلايمىز ئىشنى، قوزغالىشنى!

بۈتۈن مىليونلار بىردەمدە، بىرپەيتدە، بىردەقىقەدە قولغا ئالالار - چوكىچنى...

بىزنىڭ بىرىنچى زەربىمىز بارلىقدا، بىر چاقدا - بىرگە ياڭرايدىر. بىلەسىزمى؟ تاڭغى تاۋۇشلار نىمە كۈيلەيدىر؟

— ئۇ، بەگانە ۋە شەۋكەتلى بىرلىكنىڭ تاڭغى قەسىدەسىيدىر!.

مىرتېمىر.

# ئىلھام ئالامەن...

رائىق

ئىلھام ئالامەن، روح ئالامەن، زەۋق ئالامەن مەن
فەبرىكەدەگى ئو دەبدەبەلىك شانلى سەدادەن.
كۈتمەيمەن ئۇمىد كوككە قاراب، نۇرلى سەمادان
يىراقلىقتا يوقالسىن.. ئۇنگە نەفرەت ئاتامەن مەن.

---

دىللەردە سەۋىنچ يۈزدە ئۇمىد نورلەرى ئوينار،
ھەريەندە فەرەھلىك... شادلىق مەشعەلى پارلار،
يۈرتىمدا سەعادەت، بەختىم قۇشى ئۇچسا؛
نىگە ماتەم كۈيىنى چالامەن مەن؟

---

ئىش بىرلە جاھان قايناغۇسى بىزنى زاماندا،
ئۇمىد باغىدا ئوسكوسى ياش بەررەچىچەكلەر،
پارلانغوسى، نورلانغوسىدىر تازا تىلەكلەر،
ئېرك ياغدوسى تېزدەن ساچىلور بارچا جاھاندا.

---

بىرلىك نوغى ئاھەنگىدا نوريب ئىشچى ۋە دېھقان،
بەيدەلىيلەلىك شانلى ھەۋاسن ئوقوغاندا،
جانىم بىلە، قەلبىم بىلە ئىلھام ئالامەن مەن،
تورموشدەگى قانلى كۆرەش، قانلى سەدادەن.

---

ئىلھام ئالامەن، روح ئالامەن، زەۋق ئالامەن مەن.
فەبرىكەدەگى ئو دەبدەبەلىك شانلى سەدادەن.
— شانلى سەدادەن.

رائىق.

سەمەرقەند.

# ئېدلدە

(ئېدلدىرمگە)

تولقۇنلارغا قاراب ئەسلا تويمادم..
بەشەك - بەشەك بولدب كيلەدرلەر،
هورككەن كەبى برەۋدەن.
مەن،
قارايمەن،
دەرەچادەين...
قاناتسزلار، تولقۇنلار، ئوچالمايلار...
قارا يارلار، ئورمانلاردان ئاشالمايلار...
— قاچالمايلار..
قرغاقلارغا بوسە بەرب، -
كوكرەك كەررەب،
ئوزاقلارغا كەتەر، يەنە!
كمادر ئوچون جۇنەشنى بلمەي يوللار ئوتەر، يەنە!..

~~~~~~~~

ئاي؛
ئاق چەچەك صاچمش سۇۇغا.
بارلق تنچ، تاتلى ئويقۇدا...
ئاق چەچەكلى ياقچالارنى باغبانى بز بولساق - چى...
چوللەر ئوچون چەچەك توپلاب ئالساق - چى...

~~~~~~~~

يولدوزلارنڭ عەكسى تىترەر،
سۇۇنڭ تېرەن ئاستلاردا..
جەهان،
جەهان موك ۋە سرلەر،
ئۇن قزنڭ ئاپپاق، مەرمەر صاچلاردا...
سويلە، مەگە نەچۇن ئايدن كېچەلەردە ئويقو كېلماس؟
نەچۇن كوزلەرى قاراب تويماس،
— كوزلەرگە، كوزلەرگە؟...

ئاغر،
ئاغر مەعنا،
تويغو...
عەسيان ياشار ئاغر - ئاغر سوزلەرگەدە،
— سوزلەرگەدە!..

~~~~~~~~

موڭ باسقانمى بو ئاقشامدا قارا سۇۇنڭ تولقۇنلارنى؟
قوللارگە، قورشۇن قەلەم، پارچا قاغاز...
ئزلەيمەن، كمنى؟
كوزلەيمەن، نەنى؟...
كم، كملەردر بۇ عادەتگە ئورگەتمش مەنى...
كوزلەيمەن نەنى؟...

~~~~~~~~

... ئاق چەچەكلى چەمەنلەرنڭ باغبانى بز بولساق - چى!
— بز بولساق - چى!

مەرتىمر. قازان.
5/VIII 28 j.

---

# ئىنقلاب

مۇتەرجمى: خاياسى [1]

ئالما دەرەختلەرى؛ ئولەرنڭ كومكوك ياپراقلارىغا كۆمۈش قونغرا-قلارەك شۈدرڭ ئامچلارى ئاسلغان...

مەن، ئاق ئالدى تۇمانلارى ئاراسدا ئويغاندم. يېڭل شامال تۈن كولەگەلەرنى قوۋلاغاندان كېين، كېك، تېكس دالالار كورندى؛ روس دالالارى...

يېر بېتى كوك ئوت، چەمەنلەر بلەن قاپلانغان. دوڭ ھوپلاب دەرياچە ئاقادى. ئۇنڭ ئېكى چېتدە ئوسكەن جىگلە تاللار باشلارنى ئېگب سۇۇگە قارايدلار. دوڭ باشدا ئالما دەرەختلەرگە كومگەن گوزەل بر قشلاق. سامان بلەن ياپلغان ئاملار، خۇددى ئالتندېك ساپساريغ، تاۋلانىب كورندەلەر.

قشلاقنڭ ئورتا ھر يېردە ياشى تونكە بلەن ياپلغان كەتتە ۋي باشقالاردان يۇقارىلانىب ۋەقارلانىب تۇرادى. ئام ئۇستدەگى كەپتەرلەر باشلارنى كۆنچەقار يانغا بۇرۇب، ئېرتەلەبكى مەين شامالنى سالاملاي-دلەر.

ئۇينڭ ھر تېرەزەسى ئاچلب، يەنگىگىنە ئويقۇدان تۇرغان ئالما قارادى؛ ئالما ئېمەس، ياش بر گوۋدەكنڭ ئالما رەڭ گوزەل يۈزى قارادى. گوۋدەك مېنگە قىچقرب:

مۇتەرجمى: ئا. حافز.

— ئاق خەيرلك بولسن، ئاي! - دېدى.

مېن تۈنگى ئۇزاق سەياھەتدەن چارچاب، بر ئالما دەرەختنڭ شاخلارىغا تايانىب، ئېرتەلەبكى ئىستىراھەتكە چومغان ئېدم، كوزلەرمنى ئېختيارسز تاۋۇش كېلگەن ياققا قاراتدم.

نىمە بولپتى؟

بۇ قانداي ئوزگەرش؟

مېن ئېختيارسز تىكلبرەك قارادم. مۇندەن برنېچە يللەر بۇرۇن مېنگە بۇ ئۇينڭ تېرەزەلەرگە كوپ كوز صالىشغا توغرى كېلگەن ئېدى. بۇ - مەشهور بر ھاينڭ ئۇيى ئېدى. مەلھەم ئېسىمدە، بۇ ئۇينڭ ئچىدە شپلەرى گۆللك نەقشلەر بلەن بېزەلگەن كەتتە مەمابەتلى نەقشين خانە بار ئېدى. قارتا ئوينايدرغان خانە ئايرم ئېدى. ئۇندە قىممەتلك گىلەملەر يازلغان بولدب، ئۇلەر ئۇستدەن يۇرگەندە ئەمىركەن توفلىلەردەن هيچ شەرپە چىقماس ئېدى. بۇ ئۇيدە خادىم ۋە خادىمەلەرنڭگنە سانى يىگرمەلەب بار ئېدى...

بر ۋاقت كېچەصى بلەن بۇ ئۇينڭ مونەققەش خانەسدەكتە زيافەت بولدى. زيافەتگە مەسكەۋدەن تورەلەر، كەتتە يېر ئېگەلەرى، عۇمۇمەن بايلار كېلدى. ئۇلەر تاڭ ئاتقۇنچا جەنوبى ئاۋروپا رەقصلەرگە تۈشب ئوينلب چىقدىلار...

[1]) خاياسى. ئاپونييەنىڭ پرولېتەر ئەدىبلەريدەن.

بر ۋاقت ئېرتەلەب پەنجەرە گۈل ياپراقلار بىلەن بېزەنگەن كەتتە دارۋازە ئاچىلىب، ئۇنىدەن ئوقەمك ئاتلىب ئون ئىككى ئاتلىق چىقدى. ئۇلەر چەكەلەكزاردا نازى يوگىرتىرىب ئاۋچىلىق بىلەن كەيف چاغلىق قىلدىلار.

يەنە بر ۋاقت تېرەزە پەردەسى ئارقالى باينىڭ ئوز خانەسىدە ياش بر دېھقان قزىنىڭ بالانغاچلانىب قانداىدر عەجىب بر ئويىنغا تۈشكەنى كورىنىب قالدى...

لېكىن حازر بوتونلاي باشقا كورنىش. بۇ ئۆيدە قانداىدر كەتتە ئوزگەرش بولغانغا ئوخشايدى، حازر قىممەتلىك ئىپەك كىيملەر كىيىنگەن، ئوزلەرىدەن عەجايىب خوش ھىدلەر چاچقان گوزەل خانىملار ھەم كورىنمەيدى، كىبار قىيافەتلى تورەلەر ھەم يوق. بۇ ئۆيدە حازر نىمە باردىك؟

كوپ ياش گۈدەكلەرىنىڭ قۇشلار ئەشولەسى كەبى جارەنگلەگەن كۈلشلەرى، باغداغى گۈللەرگە ئوخشاب خۇرسەندلىك ساچقان ئوينافى كوزلەرى، حازر بو ئۆيدە ئېشتلگەن، كورلگەن نەرسە فەقەت شۇلەرگىنە...

بالالار ئورنلاردان تۇرب، ئېرتەلەبكى پاكىزە كىيملەرىنى كىيىندلەرىدە باقچا چىقدىلار.

ئويناۋ.. يىگرمە... ئېلىك... كىبىن ئاغن دۈركوم، دۈركوم...

قويگىچى، جۈدە كوپ بالا! تازە مىۋە كەبى ساغلام، ياش بالىقلار كەبى حەرەكەتلى ياش گۈدەكلەر! گۈدەكلەردەن بىرى قىچقىرىب قاراگلارچى!- دېدى - ئاي، ئالمادەرەختىنىڭ شاخلارىغا ئالتىن ترناقلارىنى ئىلىپدى! قانى، بر ئاۋازدان ئايغا سالام بېرەيلىك! ئاق خەيرلىك بولسن، ئاي!

بۇ سالامنى ئېشتىب، مېنىڭ تەعەججۈبىم ئاغن - دا ئارتدى. بۇ ياش گۈدەكلەرىنىڭ ھېچ قايسىسنى تانىمادىم، مېن، ئۇلەردەن بىرەۋىنى ھەم ئىلگەرى بۇ ئۆيدە كورگەن ئېمەسمەن. قانداي ئوزگەرش بولدىكەن بۇ ئۆيدە؟ مېن بالالارنى گەپگە سالدىم. ئۇلەر ئىلگەرى مەسكەۋنىڭ كوچەـ كويلەرىدە تېنتىرەب يۈرگەنلەر ئېكەن. . . ئوڭ ۋاقتدا ئوزلەرى ئارق، يۈز- لەرى سولغۇن بو بالالار حازر شوندەي ساغلام بولغانلاركى، قويىك، خۇددى شاھزادەلەردېك .. يۈزلەرى ئانارديك يانب تۇرادى... بالالار قاتار - قاتار تېزلىنىشىب، سەۋگە بارادىغان يولغا چىقدىلار. ئۇلەر ھەر كۈن ئېرتەلەب تازە ھاۋادا يۈرب كېلەدر ئېكەنلەر، ئۇلەر قايتقاندا شىپەگدە ناشۇشتە تايىار ئېدى.

بالالار لەززەتلىك شورۋا، ئاش، مېۋە ھۆۋلەرى بىلەن تاماقلارىنى تويغازب ئالدىلار.

مېن، ئالما دەرەختىنىڭ ياپراقلارى پەنەسىدە حەيران بولىب تۇرب ئوز ئوزىمگە ساۋال بېردىم:

— بو قانداى ئوزگەرش بو؟ نىمە بولدى ئېكەن بۇ يېردە؟ بو ئوزگەرشلەرنى كىم قىلدى ئېكەن؟ كىيك گۈدەكلەرى كەبى ئوتكور قولاقلى بالالار مېنىڭ ئوز ئوزىمگە بېرگەن ساۋالمنى ئېشتىب ئالدىلار - دا ئېرتەلەبكى يارۇغلىقتا غەرق بولغان حالدا قوللارىنى ئاسمانغا كوتەرب بر ئاۋازدان:

— سېن بلمەيسەنمى، ئاي؟ بو ئوزگەرشلەرنى قىلغان ئىنقلاب، ئىنقلاب! -

دېب قىچقىردىلار.

---

# ھىند قىزى

موحەررىرى: خاياسى

مونەرجىمى: حافز.

كېچكى تۇمان «غانغ» دەرياسىنىڭ كېك كوكرەگى ئۈستىدە زەنـ گەر غاز كەبى پەردەسىنى ياپدى.

دەريا بويى ئارخىدەيە گۈللەرىنىڭ ھېدى بىلەن تولغان. چەمەنـ لەر ئەراسىدا قىزل ئوت ئوچقۇنلارى كەبى ئىلان كوزلەرى چىملايدى...

كۈمۈش ئايىنەدېك دەريا ئۈستىدە يۇلدۇز شۇعلەلەرى ئويناىدى. شۇـ لەر ئاراسىدا كىچىك فانۇس يىراقدان ئاق نۇقتە كەبى كورنەمەس يىلـ تىللەب ئەتب بارادى... بۇ — قال.. سۆيۈكلى يىگت توغرىسىدا...

ھىند قىزلارى ئاراسىدا حازرغى كۈنگەچە شۇندەي بر رەسىم ساقلانغان. ئەگەر، فانۇس سۇۋنىڭ تولقىنلا ى ئۈستىدە تېبرەنىب كوزـ دەن يوقالغۇنچا ئوچماسا، نا مەعلوم ئېللەرگە كېتكەن سۆيۈكلى يىگت تىرىك بولادى. ئەگەر، فانۇس تولقىنلار ئىچىدە ئوچب قالسا، ياش قزـ نىڭ كىچكىنە يۈرەگى قايغى بىلەن تولادى...

مېن، ئال دەرەختلەرى سايەسىدە فانۇسنىڭ ئېگەسىنى كوردىم، ئۈزۈن كىربىكلى، قارا كوزلى بۇ ياش ھىند قىزى تولقىنلار ئاراسىدا ئاقب بارغان فانۇسدان كوزلەرىنى ئالماي حەرەكەتسىز باسىب تۇرادى...

دەريانىڭ نەرىدكى قرغاغىدا ساتچى ئىنگلىز عەسكەرلەرىنىڭ گازارمەسى كورنەدى. گازارمە تاغ ئوگگرىدەگى ئاچىق مەيدانچادە. مېن، ئۇندە ئىنگلىزلەر قولىغا تۇتقىن بولغان ياش ھىند يىگتنى بارلىغنى بىلەر ئېدىم... سز ھەم تۇشنگەنسزدىر. ھىند قىزنىڭ دارياغا فانۇس ئاقىزىشى ئوشە يىگت ئۈچۈن ئېدى.

ئول - مۇستەملەكە ياشلارىنىڭ بىرى ئېدى.

ئېزلگەن خەلق قاتى قىچقىردى:

— ئۇرا!

قولىغا يالانغاچ قىلىچ تۇتقان ئازادلىق ئىلامەسى بويۈردى:

— يەقت!

بىر نېچە قانلىق ئورۇشلار بولدى. ساتچى ئىنگلىز عەسكەرلەرىـ نىڭ ملتقلارىدان سېپلگەن ئوق يامغۇرى ئاستىدا ھىند خالقىنىڭ قان داريالىدان ۋەھمەلىك گۈللەر ئاچىلدى.

ھىندلىلەرىنىڭ ئېگرى قىلچلارى ئاق زالىملارنىڭ باشلارى ئۈستىدە يەشنەدېك ياشنادى. خەلق ئورۇشقا تۈشكەن ئېدى. ھىندلىلەر ئارسلانلار كەبى ئورۇشدىلار. لېكن ئاخردا... يارالانىب سەفدەن چىققانـ لارى ئىنگلىز عەسكەرلەرگە تۇتقىن بولدىلار.

فانۇس دەريا ئۈستىدەگى تۇمان تولقىنلارى ئاراسىدا تېبرەنەدى. قزنىڭ ئورغاچى كىچىك ئاياقلارىدېك ئىخچام ئاياقلارى دىرىلدايدى.

— ئي خۇدا، پەرۋەمان!

— ئاھ! - مېن ھەم ئىختىيارسز قىچقىرب يوباردىم.

كىچكىنە فانۇسنىڭ حاياتى قارا تولقىنلار تامانىدان يۇتلدى.

خۇددى شۇ مىنۇتدە جارەنگلەگەن ملتىق ئاۋۇشلارى تاغ ئەلەيدا- غى تۈننىڭ قارا پەردەسىنى يىرتب ئوتدىلەر. گازارمەنىڭ بەلەند دېۋارى يانىدا يىگرمەلەب ئويىب كوكرەگىنى ئوشلەگەنى حالدا ياش ھىندلى يىگت يىقلدى...

دەريا لەبىدەگى قۇم ئۈستىگە قزنىڭ گەۋدەسى ئاغدى. بىر ئازدان ئۈننىڭ گەۋدەسى قۇم بىلەن سلجب تاۋۇشسزغىنا تولقىنلار ئىچىگە تۈشب يىرقالدى.




# ئۇلۇغ رەھبەرنىڭ ئۆلۈمى

بۇخارىن

ئورتاقلار!

لېنىن ئۆلدى... بۇنىدەن كېيىن بىز ئۇ كەڭ ماڭلايىنى، ھەر تامانغا ئىنقىلاب ئالاۋى، ئىنقىلاب توكلارى (ئوچقۇنلارى) سا-چادىغان ئۇ خارىقۇلئاددە باشنى، ئو كەسكىن ۋە تەئسىرلى قاراشلارنى، ئۇ مەھكەم ۋە ھۇكمىران قوللارنى ئۇ تېمىردەن ياسالغاندېك بولىب ئىنسان يۇكسەلىشى‌نىڭ ئىككى داۋرى ئاراسىدا توختاغان بەدەننى، ئوسمانى قايتا كورە ئالمايمىز. لېنىننىڭ ئۆلىشى بىلەن گوياكى پرولېتار ئەقلى‌نىڭ، ئىرادە-سى نىڭ، ھىسسىياتىنىڭ ۋە پرولېتار مەفكورەسى‌نىڭ باش بېكەتى يىقىلدى، بۇزۇلدى. بۇ بېكەتدەگى جەرەيانلار مىليونلەرچە سىملەر، تەنابلەر ۋاسىتەسى بىلەن كۈرەمىزنىڭ ھەر تامانىغا، ئىشچى قەلبى قىمىرلايدىغان ھەر بىر بۇرچەگىگە ئاقىب كېتدى. ۋە بارغان جايلارىدا كەتتە بىر سىنىف‌نىڭ مەفكۇرەسىنى، تۇ-شۇنچەسىنى، ئۇنىڭ خەلاسكار - قۇتقازغۇچى سەلاھلارىنى مەيدانغا تاشلادى.

ئەزىز، ئونۇتلمەس لېنىن مىسلى قايتا كورىلمەيدىغان دەرەجەدە كەتتە ئېدى. تەبىئەتنىڭ ئۇنىدە ياراتدىغى ئەزم ۋە ئىرادە، فىداكارلىك دەرەجەسىدە بولغان شەخسى قاھرا-مانلىق يالغىز ئۇنىڭگە ئوخشاش ئالى ۋە مۇقەددەس مەزىفەلەرنى باجارىش ئۈچۈن ياراتىلغان يۇكسەك سىمالەردە بولا ئالادى.

ۋىلادىمىر ئىلىچ-نىڭ دەھاسى، ئولوغلىغى مەنە بۇ خىسلەت ۋە مەزىيەتلەرنىڭ نىسبەت ۋە مەئنالەرىدەن ئىبارەت ئېدى.

لېنىن ھەر نېرسەدەن بۇرۇن بىر يولباشچى بىر سەركەردە ئېدى. ئۇل شۇنىدەي بىر سەركەردە ئېدىكى بەشەر تەئرىخى يۇزلەرچە يىل ئاراسىدا ئۇنىداي كىمسەلەرنى بىر كەررە باغىشلار ۋە تۈرلى دەۋرلەرنىڭ قىمەت ۋە ئەھەمىيەتى بۇنىدەي كىمسە-لەرنىڭ نامەلەرى بىلەن بىلگىلەنەر.

ئۇل ئاممەنىڭ مىسلى يوق بىر تەشكىلاتچىسى ئېدى.

ئۇل دائىم مېھنەت ئوردۇسىنىڭ ئالدىدا تۇرىب ئوزىنى ئۇرۇش‌نىڭ ئالاۋلارى، ئوتلارىغا تاشلار، ئالدىغا چىقادىغان دۇشمەنلەرىنى، يىقار، تارقاتار، ھېچ بىر قىيىنلىقتا قاراماسدان تەبىئى توسۇقلارنى ئارادان كوتەرە ئالۇر ئېدى. قارانغى يوللارنى، قارانغى بۇرىلىشلارنى ئەقلى، زەكاسى بىلەن يارۇتاردى. سورالادى، لېنىن نىمە قىلىب مىليونلەرچە ئادامنىڭ قەلبى‌نى قولغا ئالدى، فىكرلەرنىڭ تەرجۇمانى بولدىدا بۇ قەدەر يۇكسەلدى؟ بۇنىڭ بىرىنچى سەبەبى ئۇنىڭ باشقالار ئىھتىياجىنى بىلىب ئالىشىدا، ئاڭلاشىدادىر.

ئۇل دەرەختنىڭ ئوسىش ۋە كوكەرىشىنى ھەدسىز، ھىسابسىز مېھنەتكەشلەرنىڭ باشلارىدا جەۋلان قىلادىغان فىكرلەرنى سېزەدىغان دەرەجەدە ھەسساس (سېزۇچەن) يىر ئاستى بىلەن ئاقىب بارادىغان سېللەرنى، سۇۋلەرنى كورەدىگەن دەرەجەدە كوزلى (كوروچەن) ئېدى.

ئۇل ئېسكى گىۋاردىيا نەفەرلەرىنى، ئۇزاق ئولكەدەن كېلگەن بىر دېھقان‌نى، بىر ئىشچىنى بىر زەيل سەبر ۋە مەتانەت بىلەن تىڭلەش، ئۇلەردەن ھەر قايسى‌نىڭ ئېھتىياجىنى ئاڭلاش مەزىيەتىگە ئېگە ئېدى. ئۇل ئوزىگە ئۇچرەب قالغان قىشلاقى بىر كەمپىرنى ھەم تىڭلەمەي، ئوتا ئالماس ئېدى. ئۇل دېھقان نەبزى‌نىڭ قانداي ئۇرىب تۇرغانىنى ھەم ئېشتەرئېدى. بىر ئىشچى‌نىڭ مىتىنگ توغرىسىداغى يازىب ئالغان ئېسدەلىك-لەرىنى كوزدەن ئوتكەزىش بىلەناق ئىشچى سىنفى‌نىڭ قانداي نەفەس ئالغانىنى ھەم سېزەردى.

لېنىن‌نىڭ ئوزىگە خاس بولغان تاغىن بىر مەزىيەتى بار ئېدى. ئۇ ھەم بولسا ھەر كىمنىڭ فىكرىنى، مەقسەدىنى ئاڭلاش، ئۇنىڭ يۇرەكىدە بولغان شۇبھە ۋە تەرەددۇدلەرنى يوقاتىش، ئۇنى ئوزىگە رام قىلىش ئىقتىدارىغا ئېگە بولىشى ئېدى. لېنىن ھەر كىم بىلەن ئوز تىلىدە سويلەشەر ئېدى. ئۇل ئىشچى سىنفى‌نىڭ ياۋلارىغا قەلبىدە توكەنمەس بىز دۇش-مانلىق ساقلاردى. كېرەك بولسا تاغىن ئوچرەشمەسلىك شەرتى بىلەن ئۇلەردەن ئالاقاسىنى ئۇزەردى، لېنىن «مۇبارەزە ھالىدە بولغان مېھنەتگە» قاراشلى كىمسەلەردە كامىل بىر قەناعەت ۋۇجۇدگە كېلترە ئالادىغان بىر خىسلەتگە، خاسىيەتگە ئېگە ئېدى.

لېنىن‌نىڭ بۇتۇن دۇنيادە مەشھۇر بولىشىغا باعىس بولغان سەبەبلەردەن بىرى ھەم شۇ ئېدى. ئۇل كېرەك بول-غاندا ئىنساننى ھەيرەتلەرگە چومۇلتىرەر ئېدى.

ئونىڭ ئالدىغا بارۇچىلار بىر قوماندانىڭ ھېچ بولماسا بىر پرولېتار قوماندانى‌نىڭ ھەم ئالدىغا بارغاندېك بولماس ئېدىلەر. بەلكى ئۇنىڭ ئالدىغا بارۇچىلار ياخشى بىر دۇستنىڭ، گۈزەل بىر ئورتاقنىڭ، تەجرىبەلى بىر مەسلەھەتچى‌نىڭ ئالدىغا بارغاندېك بولۇر ئېدىلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇل ئىنسانلارنى ئوز ئاترافىدا شۇنىدەي مەھكەم بىرلەشدىرەر ئېدىكى دۇنيادە ھېچ قانداي بىر كۈچ ئۇلەرنى ئۇنىدەن ئاجراتالماس ئېدى.

تەئرىخدە ئوز ئورتاقلارى تامانىدان لېنىن‌گە ئوخشاش سۆيىلگەن، ئىززەت ۋە ھۇرمەت قىلىنغان بىر كىمسە تاپالمايسىز. ئۇنى سۇيەر، تام مائناسى بىلەن سۇيەر ئېدىلەر. ئۇنى سۇيدىرەدىغان يالغىز ئۇنىڭ باشى، دىماغى‌نىڭ قۇۋۋەتى ۋە كوچلى قوللارى ئېمەس ئېدى. ئۇل ئىنسانلارنى ئاددى كوزلەر بىلەن كورىلمەيدىغان بىر تەنابلەر- ئىپلەر بىلەن ئوزىگە باغلار ئېدى. ئۇل ھېچ كىمنى ئوزىگە يات- بېگانە دېب

بىلمەسدى. ئۇل هەر كىمنىڭ ئوز دوستى، ئوز ياقىنى، ئوز قاررىنداشى ئېدى.

ئۇل تام مەعناسى بىلەن بر ئورتاق ئېدىكى بۇ توغـ- رىدا گەپىرىلەدىغان گەپلەر كېلگۇسىگە عائىددىر. بەلكى بر ۋاقت كېلەردە بۇتۇن ئىنسانلار ئاراسىداغى مۇناسەبەت هەم شۇندەي سەممىي بولار.

لېنىننىڭ سەياسەتى بۇندەي ساددەلىكلەر، بەسىتلىكلەر بىلەن تولا ئېدى. ئۇنىڭ بۇ ساددەلىگى عاددى ئادام-لار ئېمەس، داهىلەرگە مەخسۇس ساددەلىك ئېدى. ئۇل ئېڭ قيىن، ئېڭ مۇغلەق مەسئەلەلەرنى، مۇعەممالەرنى ئېڭ عاد- دى ۋە ئېڭ ساددە يوللار، سوزلەر، قاعدەلەر بىلەن يېچىشكە مۇۋەففەق بولۇر ئېدى.

«مەهمەدەنەلىك» لېنىننىڭ تەبىعەتىگە بۇتۇنلەي يات ئېدى. ئۇل بۇندەي نەرسەلەرنىڭ هەممەسىدەن نەفرەت قىلاردى. چۇنكى بۇلەرنىڭ هەممەسى ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇل مەنحۇس ۋە مەنفۇر مازىنىڭ مەنفۇر يادگارلارى، مىراسلارى ئېدى.

ئۇل ئىشنىڭ قادر ۋە قىممەتىنى كېرەكىنچە تەقدىر قىلا- دىرغانلاردان ئېدى.

ئۇل لافقىلاشنىڭ، سېرگەپلىكنىڭ ئېڭ عىنادلى دۇشـ- مەنى ئېدى.

لېنىن فرقاسى، بۇ ۋاستە بىلەن بۇتۇن زەحمەتكەشلەرنى ئىداراقىلارئېدى. ئۇل بۇتۇن مەعناسى بىلەن بىر دىكتاتورئېدى.

ئۇل فىكر ۋە ئىرادە ئېگەسى بولغىنلارى حالدە هەممەنى ئوزىگە ئېرگەشتىرەر، هەركىمنىڭ فىكرىنى ئوزىگە رام ئېتەردى.

ئۇل هېچ ۋاقت ئەترافىدا بولىب تۇرغان حادىسەلەر قەيدسىز- پەرۋاسىز قاراماس بەلكى كېرەك بولغاندا تەبىعى جەرەيانلارغا قارشى تۇرىشدان هەم قالشماس ئېدى.

عاممە رەهبەرىنىڭ بۇندان باشقا بر خاسىيەتدە بولىشى مۇمكىن هەم ئېمەسدىر.

ئورتاق لېنىن بىزنى ئەبەدى تەرك ئېتدى. ئو قايتماس بولىب كېتدى...

حازر بىزگە فەقەت بر چارە، بر يول قالغاندىركى ئۇ هەم بىزنىڭ مۇحەببەتىمىزنى ئۇنىڭ مىراسى بولغان فرقەگە بېرىش، فرقەگە ۋەفى قىلىشدان عىبارەتدر. فرقەنىڭ ئونىڭ روحى، عەقلى، ئىرادەسى، مىسلسىز مەردلىگى، قاهرامانلىغى، ئۇنىڭ ئىشچى سنفىگە بولغان سەداقەت ۋە سەممىيەتى بىلەن ياشاشى كېرەك. سەركەردەمىز عەقللى ئۇستازىمىز، عەزىز ۋە بەدەلسىز ئورتا عىزىدىك بىزنىڭ هەم عاممەنى تىڭلەشىمىز، عاممە ئېحتىياجىنى تەئمىن قىلىشغا ئورنىشمىز كېرەك.

**رەحيم هاشم تەرجەمەسى.**



لېنىننىڭ 1917-يىلدا (ئەپرىلدە) روسىيەگە قايتقان چاغى



# تەئرىخنىڭ قانلى سەھىپەلەرى

(سەمەمى عەرز حال - ئېركنى سوراماىدىلار- ئالادىلار- قانلى يەكشەنبى - نەتىجە).

(1905—9—يەنۋەر)

توپلاغۇچى: مەھمود سوباي

I

## سەمىمى عەرز حال

«پادشاھ جەنابلەرى! بز ئىشچىلەر ۋە پېتربورغ شەھەرىنىڭ تۈرلى تەبەقەگە مەنسۇب ئەھالىسى، خاتىنلارىمىز، بالا - چاقالارىمىز ۋە قەرى ئاتا - ئانلارىمىز بىلەن سىزگە، پادشاھىمىزغەئەدلىلىك ئىستەب، يارداملەشىغىنىب ھوزورىڭە كېلدىك.

«بز كەمبەغەللەندىك، بزنى ئېزەدىلەر، بزگە جەبر قىلادىلار، تاقەتىمزدان تاشقارى ئاغىر ئىشلەر يوكلەيدىلەر، بزنى مەسخەرە قىلادىلار، بزنى ئادام قاتارىدا ساناماىدىلار، بزنى قۇل كەبى بۇتۇن ئاغىرلىقلارنى، خورلىقلارنى ئىندەشمەسدەن بويسۇنۇب كوتەرىشكە مەجبور قىلادىلار. بز چىدەب كېلدىك. لېكىن، بزنى ھامان-دا تىلەنچىلىك، ھۇقۇقسزلىق، جەھالەت گەرداندگە سودرەمەكدەلەر. بزنى بۇ جەبر - زۇلم ھەم باشباشتاقلىق بوغماقدا، نەفەس ئالا ئالماسدان بوغۇلماقدامز. ئارتىقچا چىدەشكە كۈچىمز قالمادى، پادشاھىمز. بز چىدەشنىڭ چېكىگە يېتدىك. بزگە بۇندەى تەھەممول قىلالماسلىق ئاغىر ئەزابلارغا چىدەب تورغۇنچا، ئۆلۈمنى ئارتىقراق كورگەزە تورغان ئېڭ قورقىنچ پەيت كېلدى.

«مەنە بز ئىشلەرىمىزنى قويدىق، خوجالارىمىزغا بىزنىڭ تەلەبلەرىمىزنىڭ ئورنىگە يېتكورمەگۇنچە ئىشكە باشلاماسلىغىمزنى بىلدىردىك. بز كوپ نەرسە سوراماىمز، بىزنىڭ ئىستەگىمىز - تۇرمۇشىمزنىڭ مەڭگىلىك عەزاب، عوقوبەتىدەن قوتقارىلىشدىر. بىزنىڭ بىرىنچى ئوتىنىچىمز - خوجالارىمىز بزلەر بىلەن بىرلىكدە ئېھتىياجلەرىمىزنى ئېشىتىب ھەل قىلىسىن ئېدى. ئەمما بۇنى رەد قىلدىلار. بزنى ئوز ئېھتىياجلەرىمىز توغرىسىدا سوزلەش ھۇقۇقىدان مەھروم قىلدىلار، بۇ ھۇقۇقنى «قانون تانىمايدى» دىدىلەر. شۇنىڭ كەبى بىزنىڭ باشقا ئىستەكلەرىمىز ھەم قانونسىز بولىب چىقدى: ئىش ۋاقتىنى كۈنىگە 8 ساعاتكەچە كەمەيتىش، بىزنىڭ ئىشىمىزگە نەرخنى بزلەر بىلەن كېلىشىب بېلگىلەش، پەستكى زاۋۇد مەئمورلەرى بىلەن بىزنىڭ ئورتاداغى چاتاقلىقلارنى كورىش، قارا ئىشچىلەرگە ۋە خاتىن - قىزلارغا ئۇلەرنىڭ مېھنەتلەرى ئۇچۇن كۈنىگە بر سومغاچا مەعاش بېرىش، مىقداردەن ئاشۇق لەتمەسلىك، مەسخەرە قىلماسدان كەسەللەرىمىزنى داۋالاش، ئىش خانەلەرىمىزنى ھەقىقەتەن ئادام ئىشلەب بولادىغان، بر حالغا قويىش.

«خوجالارىمىز ۋە فەبرىكە - زاۋۇد مەئمورىيەتىنىڭ فىكرىچە بىزنىڭ ھەر بر ئىلتىماسىمز قانونغا قارشى - جىنايەت بولىب، ئەحۋالىمىزنى ياخشرتىش توغرىسىداغى ئەرزولارىمىز ئەدەبسزلىك ۋە ئۇلەرنىڭ عىززەت نەفسلەرىنى مەسخەرە قىلادىغان بولىب چىقار ئېكەن.

«پادشاھىمز، بز بۇندە كوب مىڭلەر بولىب كېلگەنمىز. بۇلەر، فەقەت، كورىنىشكە ۋە تاشقارىدان قاراغاندا ئادەملار بولىب كورىنەدىلەر، ھەقىقەتدە ئېسە ئۇلەر ۋە مۇمۇمەن بۇتۇن روس خەلقى، بىتتەگىنە بولسۇن ئادامگەرچىلىك ھۇقوقىدان، ھەتتا، ئوز ئەحۋاللەرىنى ياخشىلاش توغرىسىدا چارە كورىش، ئوز ئېھتىياجلەرىنى موزاكەرە قىلىش، سوزلەش، ئويلاش، مەجلىسلەر ئوتكەزىش ھۇقۇقلارىدان مەھرومدىرلەر. بزنى قۇل قىلدىلار، سېنىڭ تورەلەرىڭنىڭ مۇعاۋەنەتى، ئۇلەرنىڭ كۇمەكلەرى ۋە يارداملارى بىلەن بزلەرنى قۇل قىلدىلار. بىزنىڭ ئارامىزدان بىرانتەمىز چىقىب ئىشچىلەر سىنفى ۋە خەلق مەنفەعەتىنى ياقلاب ئاغىز ئاچسا، ئۇنى تۇرمەگە قامايدىلار ۋە سۈرگۈن قىلىب ھەيدەيدىلەر. پاك يۇرەگىمىز، ساف كوڭلىمز ئۇچۇن بزنى جىنايەتچى دىب عەيبدار قىلادىلار. ئۇرۇلغان، ئېزىلگەن، ھۇقۇقسز، ئېنتككەن ئادامنى ئاياش، - ئاغىر جىنايەت بولۇر ئېكەن. بۇتۇن خەلق، ئىشچىلەر ۋە دېھقانلار ھەممەسى خەزىنەخور ۋە تالانچىلاردان عىبارەت بولغان، خەلق مەنفەعەتى توغرىسىدا ئويلەمەگەنگىنە ئېمەس، بەلكى، ئۇنگە بۇتكۇل قارشى بولغان تورەلەرنىڭ ئوز بىلگەنلەرىچە ھۇكم سۇرۇشلەرىگە تاپشرىلغاندىرلار. تورەلەر ھۇكۇمەتى ئېلنى بوھرانغا سالدى، مەسخەرەلى ئۇرۇشغا دۇچار قىلدى ۋە ھامان-دا روسىيەنى ئولۇمگە

سۇدرەمەگەنلەر. بىز ئىشچىلەر ۋە خەلقدەن ئالىنا ياتقان كەتتە سالىقلارىمىزنىڭ خەرج قىلىنىشلارى توغرىسىدا ھېچ بىر سوزلەشكە ھوقۇقىمىز يوق. بىز، تىلەنچىلىك ھالىگە توشكەن خەلقدان توپلانغان بۇ ئاقچالارنىڭ قايدا ۋە نىمە ئۇچۇن سەرف بولا ياتقانىنى بىلمەيمىز، خەلق ئوز ئىستەكلەرىنى، ئارزولارىنى ئەيتىشدەن، سالىقلارنى بېلگىلەشدە ۋە ئولەرنى خەرج قىلىشدا ئىشتىراك قىلىشدان مەھرومدىر. ئىشچىلەر ئوز مەنفەئەتلەرىنى ھىمايە قىلىش ئۇچۇن سايوزلەردە تەشكىل قىلىشدان مەھرومدىرلەر.

«پادشاھىمز، خۇدانىڭ مەرھەمەتى بىلەن پادشاھلىق قىلىب تورغانىڭزدا بۇ ئىشلەر ئۇنىڭ قانونلارىغا مۇۋافىقمى؟ بۇندەي قانونلار ئاستىدا ياشاب بولادىمى، ئەخر؟ مۇندەن ئولۇم ياخشىراق ئېمەسمى؟ — بىزلەرگە، بۇتۇن روسىيە مېھنەتكەش ئادەملارغا ئولۇم. مەيلى سەرمايەدار-باشقلار كۇچىدەن فايدالانغۇچىلار ۋە تىكىنخور تۇرەلەر ھەم روسىيە خەلقىنى تالاغوچىلار ياشاسۇن ۋە راھەتلەنسىنلەر.




1905-يىل تەسۋىرى. رەسسام: ۋ. سۋاروگ.

«بىزنىڭ ئالدىمىزدا مەنە نىمە تۇرۇپتى، پادشاھىمز، ۋە بىز بۇنىڭ ئۇچۇن سېنىڭ سارايىڭ ھوزورىغا كېلدىك. بىز بۇندە سوڭغى قۇتۇلۇشىمىزنى ئىستەب كېلدىك. ئوز كەمبەغەل خەلقىڭگە ياردام قىلىشدان تارتىنما، ئۇنى ھوقۇقسىزلىق، تىلەنچىلىك ۋە جەھالەت گوردەن قوتقارىب چىقار! ئوز تەقدىرىنى ئوزلەرىچە قىلىشغا ئىمكان بېر، تورەلەرنىڭ چىدەب بولماسلىق جەبر - زۇلملەرىنى ئولەرنىڭ ئوستىدەن كوتەر! سېنىڭ بىلەن خەلقىنىڭ ئورتاسىدا تۇسۇقلىق قىلىب تورغان دېۋارنى يىقىت، مەيلى خەلق ھەم سېنىڭ بىلەن بىرلىكدە ئېلىنىڭ غەمىنى يېسىن. سېنكو-خەلقىنىڭ بەختى ئۇچۇن قويۇلغانسەن، ئەمما بۇ بەختنى تورەلەر بىزنىڭ قوللارىمىزدان تارتىب ئالادىلار، ئول بەخت بىزگە كېلىب يېتمەيدى، بىز ئېسە قايغۇ ۋە ھەقارەتكە ئېگەمز. بىزنىڭ ئىلتىماسلەرىمىزگە ئاچچىغلانماسدان ئېتىبار بىلەن قارا، بىزنىڭ ئىلتىماسلەرىمىز بىزلەر ئۇچۇن قاندای بولسا، سېنىڭ، پادشاھىمز ئۇچۇن ھەم يامانلىقغا ئېمەس، ياخشىلىققادىر. بۇلەرنى بىزنىڭ ئەدەبسىزلىگىمىز سوزلەب تۇرغان ئېمەس، بەلكى، ھەممە ئۇچۇن چىدەب بولماسلىق بۇ ئەھۋالدەن قۇتۇلىب چىقىشىنىڭ زەرۇر بولغانلىغى ئارقىسىدا كېلىب چىققاندىر. روسىيە جۇدە كەتتە، ئۇنىڭ ئېھتىياجلەرى جۇدە كوب ۋە ھەر تۇرلى بولىب، ئۇنى ئىدارە قىلىش، يالغىز، تورەلەرنىڭگىنە قوللارىدان كېلمەسلىكدىر. بۇ ئىشدە خەلقىنىڭ ۋەكالەتى لازم، خەلقىنىڭ ئوزى - ئوزىگە ياردام قىلىب، ئوزىنى ئىدارە قىلىشى لازمدىر. فەقەت، خەلقىنىڭ ئوزىگەگىنە ئۇنىڭ ھەقىقى ئېھتىياجلەرى مەئلومدىر. ئۇنىڭ كومەگىنى قايتارما قابول قىل، روسىيە يېرىدەگى بۇتۇن سىنفلەرنىڭ، بۇتۇن تەبەقەلەرنىڭ ۋەئىشچىلەرنىڭ ۋەكىللەرىنى چاقىرىشقا دەررەۋ بۇيۇرۇق بېر. مەيلى بۇنىڭ ئىچىدە ھەم سەرمايەدار، ھەم ئىشچى، ھەم تورە، ھەم دوقتور، ھەم روھانى، ھەم مۇئەللىم بولسىن! مەيلى كىم بولسا بولسىن، ئوزلەرىنىڭ ۋەكىللەرىنى سايلاب بېرسىنلەر ھەممە بىر تېگىز ۋە ھۆر بولسىن، - بۇنىڭ ئۇچۇن ئوچرىدىتلىنى سابرانىياغا سايلاشلار ئۇمۇمى، ياشىرىن ۋەتېگىزلىك ئەساسىدە بولسۇن، شۇنىڭگە ئەمر بېر!

«بۇ، بىزنىڭ ئېڭ كەتتە ئىلتىماسىمىز، بۇتۇن ئۇمىدىمىز شۇنىڭگە تەكيە قىلىنغان، بۇ بىزنىڭ ئاغرىق يەرەمىزنىڭ دەرمانى، بو بولماسا، يەرەمىز مەددەلەب خاراب بولغومىزدىر.

«ئەمما بىرچارا بىلەن بىزنىڭ بۇتۇن يەرەلەرمىزنى توزەتىب بولمايدى. يەنە باشقا چارالار ھەم زەروردىر. بىز، توپپە-توغرى ۋە ئاچىق قىلىب ئاتامىزغا ئەيتكەنىمىز كەبى سېن پادشاھىمزغا بۇ توغرىدا روسىيەنىڭ بۇتۇن مېھنەتكەشلەرى ئىسمىدەن ئەيتەمىز، مەنە نىمەلەر زەرۇر:

## روسىيە خەلقىنىڭ جەھالەت ۋە ھوقوقسىزلىقىغا قارشى چارالار

1) سىياسى ۋە دىنى تۇشۇنچەلەرى بىلەن ئىش تاشلاغان ۋە دېھقانلار قوزغالانى ئۇچۇن ئەيبدار بولغانلارنىڭ ھەممەلەرى دەررەۋ ئازاد قىلىنىب قايتارىلسونلەر.

2) ھۆررىيەت، شەخسىيەت ئازادلىغى، سوز، مەتبوعات ئازادلىغى، مەجلىسلەر ئازادلىغى، دىنى ئىشدە ۋىجدان ئازادلىغى - دەررەۋ ئېئلان قىلىنسۇن.

3) دەۋلەت ھىسابىدغا ئۇمۇمى ۋە مەجبورى خەلق مەئارفى.

4) مىنىسترلەرنىڭ خەلق ئالدىدا مەسئول بولىشلارى ۋە ئىدارە قىلىش قانونچىلىغىنىڭ ساقلانىشىغا كەرەۋ بېرىش.

5) قانون قاشىدا ئىستىسناسىز ھەممە بىر تېگىز بولسىن.

6) دىن ھۆكۇمەتدەن ئاجرالسىن.

## خەلقىنىڭ كەمبەغەللىگىگە قارشى چارالار

1) ئېگرى ئورونسىز سالىقلارىيوقاتىلىب، ئولەردەرامەد ئوگشىگە قاراب ئالشدىرىلسۇن.

2) قەرز تولەب ئالىش ئۇسۇلى بېتسىن. ئارزان قەرز بېرىلىب، يېرلەر تەدرىجى سۇرەتدە خەلققا بېرىلسۇن.

3) حەربى ۋەدىڭز مۇئەسسەسەلەرىنىڭ زەكەزلەرى روسىيەدە ئىشلەنىب، خارجغا يوبارىلماسىن.

4) خەلقنىڭ ئېركى بىلەن ئۇرۇش توقتاتىلسىن.

## سە مايەنىڭ مىحنەتنى ئېزىشگە قارشى چارالار

1) فەبرىكەدە تەفتىشچىلەر ئىنىستىتوتى بىترىلسىن.

2) زاۋىد ۋە فەبرىكەلەردە ئىشچىلەردەن سايلانىب دائىمى كەمىسىيەلەر تۈزىلسىن. ئۇلەر، مەئموريەت بىلەن بىرلىكدە ئايرم ئىشچىلەرنىڭ عەرزلەرىنى تېكشرسىنلەر. ئىشچىنى ئۇرىندان بوشاتىش بۇ كەمىسيەنىڭ قارارى بىلەنگىنە بولسىن.

3) ئىشچىلەرگە كەسەبە ئىتتىفاقلارى تۈزىشگە تولا ئېرك بېرىلسىن.

4) ئىش ۋاقتى كۈنىگە 8-سەعەت بېلگىلىنىب، مىقداردەن ئارتىق بولادىغان ئىشلەر مۇعەييەن بىر يولغا سالىنسىن.

5) مېحنەتنىڭ سەرمايە بىلەن كورەشىگە تولا ئېرك بېرىلسىن.

6) مېحنەت حەقى مۇۋافىق سۇرەتدە بېرىلسىن.

7) ئىشچىلەرنىڭ دەۋلەت تامانىدان سېغورتا قىلىنىشى توغرىسىدا قانون تۈزىلگەندە ئىشچىلەر سىنفىنىڭ ۋەكىللەرى، ئەلبەتتە، ئىشتىراك قىلىسىنلار.

«مەنە، پادشاھىمز، سېنىڭ ئالدىڭە كېلىب، ئەيتەدىغان بىزنىڭ تۈپ تىلەكلەرىمز شۇلەدىر. فەقەت، شۇلەرنى قانىقتىرش بىلەن ۋەتەنىمىزنى قۇلىقدان، تىلەنچىلكدەن قوتقازىب بولادى؛ ۋەتەنىمز گۈللەيدى. حەياسز، چېت كۈچلەردەن فايدەلەنگۈچى سەرمايەدارلەردەن ۋە تالاۋچى هەم خەلقنى بوغوچى تورەلەر حۆكۈمەتىدەن ئىشچىلەر ئۆز مەنفەعەتىنى ياقلاي ئالا بىلەرلەر.

«شۇلەرنى ئىجرا قىلىشغا بۇيۇر ۋە بۇنگە ۋەعدە بېر. بۇنىڭ بىلەن سېن رۇسيەنى بەختىيار هەم داڭلىق قىلاسەن. سېنىڭ ئېسمىڭ ئېسە، بىزنىڭ ۋە كېلگوسى نەسللەرنىڭ كوڭللەرىدە مەڭگى فەخرى ئورۇن ئالغوسىدىر. ئەگەردە، بولەرنى بۇيۇرمەسەڭ، بزنىڭ يالبارىشىمزنى قۇلاققا ئالماساڭ بز بۇندە، ئوشبۇ مەيداندە، سېنىڭ سەرايىڭ قاشىدا جان بېرغوسىمزدىر. بزگە باشقا بارادىغان يېر قالمادى. بزنىڭ ئالدىمزدا حازر، فەقەت، ئىكى يول بار: يا بەخت ۋە ئېركگە بارامز، يا گورگە كىرەمز... مەيلى بىزنىڭ جانلارىمز ئېزىتدىگىب عەزابلەنگەن روسيە ئۈچۈن قۇربان بولسىن. بزگە بۇ قۇربان قىزغانىچ ئېمەس، بز ئېخلاس بىلەن بۇ قۇربانىنى بېرىشكە حازرمز».

---

II

# ئېركنى - سورامايدىلار، ئالادىلار.

بۇتۈن دۇنيا پرالېتارلارى، بىرلەشىڭز!

## بۇتۈن پېتربورغ ئىشچىلەرىگە!

ئىشچىلەرنىڭ قۇتۇلىشى - ئۇلەرنىڭ ئۆز ئىشىدىر.

پەيشەنبى كۈن پوتىلوف ئىشچىلەرىنىڭ يىغىلىشى شۇ قارارنى چىقاردى:

بۇتۈن پېتىربورغ ئىشچىلەرىنى ئىش تاشلاشغا چاقىرىشغا ۋە يەكشەنبى كۈن هەممەسى بىر بولىب، قىشلىق سارايغا بارىب پادشاهگە عەرز حال تەقدىم قىلىش.

شۇنگە ئوخشاش قارارلارنى پېتربورغ ئىشچىلەرىنىڭ مەجلىسلەرىدە هەم چىقارىلار ئوزلەرىنىڭ عەرزحاللەرىدە ئىشچىلەر قويىداغىلارنى سورايدىلار:

1) بۇتۈن روسيە خەلق ۋەكىللەرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن عۇمۇمى، تېڭىز ۋە ياشىرىن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىدە ئوچرىدىتىلنى سابرانىيا چاقىرش. بۇ سابرانىيادا دەۋلەتنى ئىدارا قىلىشداغى ئىسلاحاتلارنى ئىشلەب چىقىش كېرەك، چۈنانچى: حاكمىيەتنى تورەلەردەن ئالىب، بوقاردادىغا سايلانىب قويىلغان خەلق ۋەكىللەرىنىڭ قولىغا تاپشىرش (پارلامېنت).

بۇ تەلەبنى ۋۇجۇدگە چىقارىش ئۈچۈن زەرور بولغان شەرائىتلەر بۇلەردىر:

2) بۇتۈن تەبەقەلەرنى (دېهقان، سەۋدەگەر، ئاق سۇيەك-دۋەرەن، روحانىلار، هەر خىل مىللەت ۋە دىندە بولغانلار) حۇقۇقدا بىر تېڭىز قىلماق.

3) گراژدانلىق ئازادلىغىنىڭ گەرەۋلەرى، شەخىس ئازادلىغى، سوز، مەتبوعات، مەجلىسلەر ئازادلىغى، جەمعىيەتلەر، سايوزلار تەشكيلاتلارىغا ئېرك.

4) سىياسى جىنايەت بىلەن قامالغان ۋە سۇرۇلگەنلەرنى ئازاد قىلىب قايتارىش.

5) خەلقنىڭ ئېركى بىلەن ئۇرىشنى توقتاتىش.

روسيە ساتسىيال - دېمەكرەت ئىشچىلەر فىرقەسى كوبدەن بو ياق خوددى شۇ تەلەبلەرنى مەيدانگە قويىب، بۇتۈن ئىشچىلەرنى شۇلەر ئۈچۈن قەتعى سۇرەتدە كورەشىشگە چاقىرىب كېلمەكدەدىر. حازردا ئېسە، ساتسىيال - دېمەكرەت ئىشچىلەر فىرقەسىنىڭ پېتىربورغ قومىتاسى ئىشچىلەر سىياسى ئازادلىقىنىڭ زەروربولغانىغا تۈشۈنگەنلەرنى ئالقىشلايدى. ئەمما، پېتىربورغ ئىشچىلەرى تۈشۈنىشلەرى كېرەك، كىم بۇ مەيدانگە قويىلغان تەلەبلەر پادشاه حۆكمرانلىغىغا خىتام بېرىشنى تەلەب قىلادىلار. پارلامېنتنى تەلەب قىلىش دېگەن سوزنىڭ مەعناسى - پادشاه ئورنىغا بۇتۈن خەلقلار تامانىدان سايلانىب قويىلغان ۋەكىللەر حۆكۈمەتنى ئىدارە قىلسىن دېگەن سوزدىر. سوزدە، مەتبوعاتدە ئېرك، سايوزلار تەشكىل قىلىشغا ۋە يىغىلىشلارغا ئېرك بېرىلسىن، دېگەن تەلەبات - پادشادان، ئۇنىڭ ۋەزىرلەرىدەن، پادشا پەلىسەسىدەن ۋە جاندارماسىدان ئۇلەرنىڭ حازرغى حاكمچىلىكلەرىنى تارتىب ئالىش دېگەن سوزدىر. دېمەك، بۇ تەلەبلەرنىڭ ئەسل مەعناسى، سامادېرژاۋيانى هايداشدىر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پادشاغا مۇراجەعەت قىلىب بۇ تەلەبلەرنى سوراش بېكار ئىشدىر. پادشا ئۆز ئېختىيارى بىلەن بۇنگە سىرە رىزا بولمايدى؛ ئۇ - ئوزىنىڭ هەر خىل ئۇلۇغ كنەزلەرى، ساراي ئەهللەرى، ۋەزىرلەرى، گوبېرناتورلارى، ژاندارما - پەلىسەلەرى، پوپلارى ۋە جاسوس (ئىشپيون) لارى بىلەن ئوزىنىڭ حاكمىيەتىدەن، توق ۋە تىنچ تۇرمۇشدان كەتتە بايلىقلاردان هېچ قاچان كېچمەيدى ۋە ئۇنى خالامايدى. قانداي قىسىب بولسا هەم ئىشچى ۋە دېهقانلارنى تالاب، راحەتلىك بىلەن عۇمر ئوتكەزىشلەرىنى داۋام قىلدىرادىلار.

يوق، ئورتاقلار، پادشاھدان ھۆررىيەتنى كۈتۈب بولمايدى، ئۇل ئۆز ھۆكمرانلىغىدان ۋاز كيچىشكە ئويلامايدى ۋە بۇ مۇمكىن ھەم ئەمەس. ئەگەردە پادشا يەڭىلىكلەر ۋەعدە قىلار ئېكەن، ئۇنىڭغە ئىشەنمەڭىز، ئۇلەرنىڭ تورەلەرى سىزلەرنى ئالدايدى. ھۆررىيەت قان بەرەبەرىگەندە ئالىنادى، ھۆررىيەت - قۇرال كۈچى بىلەن قاتتىق ۋە قانلى ئۇرۇشلار ئارقاسىدىغىنا ئالىنادى. پادشاھدان ئىلتىماس قىلىش كېرەك ئەمەس، ھەتتا بىزنىڭ قان دۇشمانىمىز بولغان پادشاھدان تەلەب قىلىش ھەم كېرەك ئەمەس، بۇ خورلۇق. ئۇنى تەختىدەن تەمامەن ھەيدەش- تۇشىرىش، بۇتۇن دۇملەرنى «تەخت» ئەترافىدەن سۇرۇش، سىپىرىش كېرەك. مەنە بۇ يول بىلەنگىنە ھۆررىيەتنى ئالىب بولادى. بىزنىڭ روسيەدە ھۆررىيەت يولىدا ئىشچى ۋە دېھقانلارنىڭ كوب قانلارى توكۇلدى. ئەگەردە، بۇتۇن ئىشچىلەر بىردەن كوتەرىلىب، پادشاھ حوكمرانلىغىغا قارشى چىقسالار، مەنە شۇ ۋاقىت ھۆررىيەت تاڭى ئاتار ئېدى. ئىشچىلەرنىڭ ئازاد بولىشلارى ئۇلەرنىڭ ئۆز ئىشلەرى، ئۆز ۋەزىفەلەرىدىر. يوقسا پوپلاردان، پادشاھدان ياردام، مەدەد سوراب ھۆررىيەت ئالالمايسىز!

يەكشەنبى كۈنى قىشلىق ساراي ئالدىدا (ئەگەردە سىزلەرنى ئۇندە قويار ئېكەنلەر) پادشاھدان ھېچ نېمە كۈتىش مۇمكىن بولماغاندىنى كوزىڭىز بىلەن كورەرسىز، بىلەرسىز ۋە شۇندەگىنە سىز باشقا يېردەن ياردام كۈتمەسدەن، ئۆز ئېركىڭىزنى، فەقەت، ئۆز كۈچىڭىز بىلەن ئالىشىڭىزغا ئېمان كېلتىرەرسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مىڭلەرچە مەرتەبە ئەيتىب كېلگەنلەرىمىزنى يەنە تەكرارلەرىمىز.

— بىتسۇن سامدېرژاۋىيا!
— بىتسۇن ئۇرۇش!
— ياشاسۇن قۇراللى خەلق ئىسيانى!
— ياشاسۇن ئىنقىلاب!
— ياشاسۇن ئىشچىلەرنىڭ ئۇلۇغ برادەرنىڭ ئىتتىفاقى!
— ياشاسۇن ساتسىيال- ديماكرات ئىشچىلەر فىرقەسى!

ساتسىيال - دىمەكرەت ئىشچىلەر فىرقەسىنىڭ
پېتىربورغ قومىتەسى[1]).
8 - يەنوەر 1905 - يىل

## قانلى يەكشەنبى!

(9— يەنۋەر 1905).

. . . خەلق تودەسى داۋۇلنىڭ برنچى ئاتىلىشى بىلەن ئۇيقۇدان ئويغانغان كۈچلى دېڭىزنىڭ كۈزگى قارا تولقۇنىنى ئېسگە تۇشىرەدىر. خەلق تولقۇنى سېكىن - سېكىن ئاقماقدا. خىرە يۇزلەر كوپۇرگەن تولقۇن باشلارىغا قوشۇلماقدالار.

كوزلەر جىددى يالقىنلانادىلار. ئەمما، ئادەملارئۆز قارارلارىغا ئىشەنمەگەن كەبى، ئۆزلەرىگە ئۆزلەرى حەيران بولدىلار. سوزلەر كىچىك قۇشلار كەبى خەلق تودەسى ئوستىدەن ئۇچىدىلەر.

— يوق، ئارتىق چىدەشگە ئىمكان يوق. مەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بىز بارامىز.

— خەلق ھېچ بىر سەبەبسىز قوزغالمايدى...

— «ئو، [2]) بۇنىڭغە تۇشۇنمەسمىكەن؟..

سوزلەر كوپرەك «ئۇنىڭ» توغرىسىدا بولدى. «ئو» «ياخشى» ئادام، مۇلايىم، مېھرىبانلى، ئەلبەتتە، ھەممەسىگە تۇشىنەر' دىيىشدىلەر. ئەمما «ئۇنىڭ» سۇرەتىنى كوز ئالدىغا كېلتىرىب سوزلەگەن بۇ سوزلەرگە رەڭ قوشۇلغان ئەمەس ئېدى. «ئۇنىڭ» توغرىسىدا جىددى سۇرەتدە ئويلانىلماغانلىق، «ئۇنى» بىر جانلى، حەقىقى بىر ۋوجۇد دېب بىلمەسلىك، حەتتا «ئۇ» نىمە ئۈچۈن ۋە نىمە قىلىب بىلەر ئېكەن دېگەن ئوي خەلقدا ئانىق مەعلوم ئەمەس ئېدى. ئەمما «ئۇ» بۇ كۈن كېرەك، ھەممەلەرى «ئۇنى» تانىشغا شاشىلدى، «ئۇنىڭ» حەقىقەتەن ياشاغانىدان قەتعى نەزەر ئۇنى جۇدە ھەم ئۇلۇغ بىر ۋۇجۇد دېب كوز ئالدىغا كېلتىردىلەر. ئۇمىدلەر ئۇلۇغ ۋە ئوزلەرىنىڭ تايانىچلارى ئۈچۈن تەلەبلەرى ھەم ئۇلۇغ ئېدى.

قاى چاق خەلق ئىچىدەن باتر ئاۋاز ئېشتىلدى:

— ئورتاقلار! ئوزلەرىڭىزنى ئالداماڭىز...

ئەمما ئوزىنى ئالداش حازرغى پەيتدە زەرۇر، ۋە ھەلىگى ئادامنىڭ ئاۋازى خەلقنىڭ ئاچچىق ۋە قورقىنچلى تاۋۇشلارى ئاستىدا كومۇلىب كېتدى...

— بىزنىڭ ئىستەكىمىز ئاچىق...

— سېن يىگىت، تېك تۇر!..

— گاپون ئاتامىز ھەم بىزنىڭ بىلەدى...

— قانداى كېرەك بولغانىنى ئۇل بىلەدى...

خەلق تولقۇنى كوچەيمەكدە، كوچەلەردەن ئاقۇب چىقماقدا. قۇللىقدا ياشاغان خەلقدە حۇكۇمەتدەن ئۆز ئاھۇزارلەرىگە قولاق سالىشىنى ئوتىنىشگە حەقلى بولغانلىق ئاڭى ئويغانغان...

— بىز ھەم ئادامىمىز ئەخىر...

— «ئۇ» بىزنى ئاڭلاسا كېرەك، بىز ئوتىنەمىز...

— ئورتاقلار، ئېركنى سۇراب ئالمايدىلار...

— بىز ئاتامىز قاشىغا بارامىز..

—«ئۇنىڭغە» ئىشەنەمىز...

— قىزىل بايراقلار كېرەك ئەمەس...

— قىزىل تۇس — بىزنىڭ قانىمىز، ئورتاقلار!...

— خەلقنىڭ ئۆز كۈچىدەن باشقا، خەلقنى قۇتقارا ئالادىغان كۈچ سىرە يوق...

— سارايغا بارا ياتقان خەلق ترويتسكى كوپرۇگى يانىدا قاتار تورغان سالداتلارغا ئوچرەدىلەر. ئەفىتسەر قىلىچىنى چىقارىب، ئونى ھاۋادا ئويناتىب، چايقاب نېمەدىر قىچقىرادى.

— ئارقاغا! دېدى ئۇل

— بىز پادشا حەزرەتلەرى يانىغا بارامىز...

— تىسلەنىڭىز!

بىردەن ھاۋادا نىمەدىر ساچىلىب كېتكەندىك بولدى.

— قورقىتىش ئۈچۈن ئوقسىز، قۇرۇق مىلتىقدان ئاتادىلار...

ئەمما خەلق ئاراسىدا ئېڭرەشىب يىقىلىب قالغانلار كورىندى. بىر خاتىن ئېڭرەب، قۇلى بىلەن كوكرەگىنى سىقىب، تېز — تېز يورىب تىككەلەنىب تورغان نەيزەلەرگە قاراب يۇرۇب كېتدى... يەنە ئاتدىلار... ئاپپاق قاردا قان تامغالارى كورىندى... يىقىلىب جان بېرگەنلەر بار، قانلى ئىز قالدىرىب سۇدرەلگەنلەر بار، ئاھ، زار، عەزاب...

---

[1]) بۇ چاغدا ئۇل بالشۋىك فىرقەسى ئېدى.
[2]) «ئول» پادشاھ نيكالاى II

## نەتيجە.

### روسيە ساتسيال - دېمەكرەت ئشچىلەر فرقەسى.

بۈتۈن دۇنيا پرالېتارلارى' برلەشڭز!

### هەممە ئشچىلەرگە

سز پادشاهغا ئوزىڭزنىڭ حۇقۇقلارىڭزنى تەلەب قىلب باردىڭز، ئۇ، سزلەرنى مىلتق ۋە زەمبەرەك ئوقلارى ۋە ياۋايى ئالچاقلارنىڭ نەيزە ۋە قانلى قىلچلارى بىلەن قارشى ئالدى.

سز ئۇندەن نان ۋە ئىش سورادىڭز، ئۇ سزنى زەهەرلى ئوق، قورغاش ئوقلارى بىلەن مېهمان قىلدى.

بز، ساتسيال—دېمەكرەتلەر: «قانخور پادشاهدان هېچ بر نەرسە ئالا ئالمايسز، ئۇ، خەلقنىڭ دوستى ئېمەس، بەلكى، دوشمانى! ئۇ خەلقنىڭ مەنفەعەتىگە ئىش قىلغان بەندە ئېمەس!» دېب سزلەرگە ئەيتكەن ئېمەسمىدىك...

ئۆلگەنلەر... يەرەدارلەر... ئۇلەر يوزلەرچا.. مىڭلەرچا.. سز كوچەلەردە تاشىب يورگەن جەسەدلەر، ئونۇكلەر، سزنى ئىنتقامغە چاقىرادى... ئېندى حازر بزنىڭ قىزىل بايراقلا-رىمزنىڭ ئاستىغا توپلانىڭلار... كوچەلەردە يۇرىب، هەممە ئىشچىلەرنى ئىش تاشلاشغا تىرىشڭز، تاكى، هەممە گراجدانلار، برجان بر تەن بولىب، قوللارىغا قۇرال ئالىب، پادشاهغا ۋە ئۇنىڭ حۆكۈمەتىگە قارشى باش كوتەرسنلەر! بزنىڭ خىتاب-نامەلەرىمزنى عەسكەرلەرگە بېرىڭز، تارقاتىڭز، ئۇلەرنىڭ خارققا قاراب ئاتماسلىقلارىنى تۈشىندىرىب سورەڭز!

يوق بولسۇن پادشا!
بىتسون سامادىرژاۋىيا!
ياشاسۇن ساتسيال — دېماكراتلار!

روسيە ساتسيال — دېماكرات ئىشچىلەر
فرقەسىنىڭ پېتربورغ قومىتەسى.
1905 - يل — يەنۋەر.

قۇرالسز، ياراقسز، بالا — چاقالارى بىلەن چىدەمسزلىك-نىڭ چېكىگە يېتكەن خەلق ئېلىك سوڭغى مەدەدنى ئاتامز ۋە «خۇدا»نىڭ يېردەگى ۋەكيلى دېب ئيمان كېلتۈرگەن پادشاهنىڭ ئالدىغا بارىب بۈيۈك ئۈمىد بىلەن ئاه زارلەرنى ئاغزاكى ئوزىگە ئەيتمەكچى بولدىلار. خۇدانىڭ يېردەگى ۋەكيلى، ئاتاسى، ئوز تەبعەلەرىنى، ئوز بالالارىنى ئوق ۋە نەيزەلەر بىلەن قارشى ئالىب، ئاتلارنىڭ تېمۈر تاقالارى ئاس-تىغا ئالىب سىيلەدى. 9 — يەنۋەر كۈندە پېتربورغ كەسەل-خانەلەرىگە 1216 ئولۈك ۋە 5 مىڭدەن ئارتق يەرەدارلەرنى كېلتردىلەر. كەسەلخانەلەرگە كېلتىرىلمەگەن، پەلىتسە تاماندان ياشرن سۈرەتدە چۇقۇرلارغا كومۈلگەنلەر ئازمى دېسز؟!

ئەلبەتتە ئېركنى تېكنگە ئالىب بولمايدى، سىنفى دۇشماندان يالىنىب — يالبارىب هەم ئالىب بولمايدى؛ ئېركنى سورامايدىلار — عسيان بىلەن قان بىلەن ئالادىلار.

بۇ ۋاقعە سياسى ئاڭى ئاچىلىب يېتمەگەن ئشچىلەرگە هەم ساباق بولدى؛ پادشاهغا بولغان ئيمانلەرى قانلار بىلەن يۇۋىلىب يوقالدى.

پادشاه حۆكۈمەتىدەن كورگەن عەزاب ۋە جەفالەرنىڭ «تەمدنى» بر تاتىب كورگەنلەر سىرە ئو نۇتا ئالادىلارمى؟

قۇربان بېرش، جان تەلەف قىلش، ئەلبەتتە، ئاغىر، ئەمما، مەقسەد ئېرك ئالىش ئېكەن ۋە ئۇنى تېكنگە ئالىب بولماس ئېكەن، — بەس بۇ قۇربانلار بېرىلەدىر. بۇ قۇربان-لارنىڭ قەدرى مەقسەدگە يەنە تېزرەك يتكزەدى.

مىڭلەرچە قۇربانلار، تاغ—تاغ ئاغرلىقلار، ئاچلىق، بۇل-گونچىلك...لەر بىلەن قان دېڭگزلەرنى ئوتىب، يېر يۈزىنىڭ جۇدە كوب قسمىنى تەشكىل ئېتكەن كەتتە بر ئولكەنىڭ يوقسۇللارى ئوز تۇرمۇشلارىنى ئوزلەرى ئستەگەن بر يولغا سالىب ئالديلار.

مەحمود سوباي.






# ئىنقىلاب ھەم تاتار گۈزەل ئەدەبىياتى.

فەتحى بورناش

كېيىنگى ۋاقىتلاردا ئۆزبېكىستان شائىرلەرىنى كېزگەنىمىزدە ئەدەبىي-ياتغا ياقىن تۇرغان بەعزى ئورتاقلاردان ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنگى يارىشى ھەم ئۇنىڭ مۇقەددەراتى توغرىسىدا دىققەتنى جەلب ئېتەرلىك سوزلەر ئېشىتىشكە توغرى كېلدى.

ئۇلارنى بىر نوقتاغا توپلاب خوللاس قىلىب ئېيتكەندە، قۇيىداغى فىكىرگە كېلىشىمىز مۇمكىن كەبى كورىنەدى: ئوكتەبىر ئىنقىلابى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ تىرىلىشىگە كەتتە تەئسىر ئېتمەك بەرابەرىدە كېك عاممە ئىچىدەن يېڭى - يېڭى كۈچلەر يېتىشدىرمەكتەدىر. بۇ يېڭى كۈچلەر بىر بىرىدەن گۈزەل ئەسەرلەر بېرمەكتەدىلەر. نېتەكىم، تەبىعەتكە، خاراكتىرگە، تۈسلەرگە، شۇعلە ھەم كولەنكەلەرگە باي بولغان ئورتا ئاسىيا خالقلارى تۇرمۇشىدان ئەلىب بىر بىرىدەن گۈزەل كورىنىشلەر ۋە تەسۋۇرلەرنى ياراتادىلار، ئەسەرلەر ھەم يېڭى كۈچلەر ئىجاد قىلىب كېلگۈسى كۈن-لەردەن كەتتە - كەتتە ئۈمىدلەر باغلايدىلار.

بىراق كېيىنگى ۋاقىتلاردا تۇرمۇشىنىڭ باشقا شاخچالارىدا، مەدەنى ۋە ئىقتىسادى قۇرىلىشىنىڭ تۈرلى كۈچە - پۈچماقلارىدا كۈچلى بىر ھە-رەكەت، كۈچلى بىر ئۆسىش بارىب تۇرغان بىر ۋاقىتدا ئۆزبېك گۈزەل ئەدەبىياتى مايداندا قانداي بولسا ھەم، بەعزى سالماقلىق ھەم سە-كىنلىك كورىشكە توغرى كېلەدى.

بۇ فىكىرلەر - عىلمى بىر تېكشىرىش ھەم تەدقىقات نەتىجەسىدە ئورتاغا چىققان فىكىرلەر ئېمەس، بەلكىم، ئۈستەدىنگىنە قاراش ئارقاسىدا چىققان، ئۈستەدەن تانىشىش ھەم ئۈستەدىنگىنە فىكىر ئالىشىشلار نەتى-جەسىدە قازانىلغان تەئسىرلەردىر؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ فىكىرلەرىمىزدە رىيازى ئەساسلەر كەبى قاتتىق - قەتعى بولىشىنى داعۋا قىلىشدان ئۇزاق تۇرىشقە توغرى كېلەدى.

ھەر ھالدا بۇ فىكىرلەرنىڭ ئەساسى ئىعتىبارى بىلەن توغ-رى بولغانلىقلارىنى، ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ھەم ئۆزىچە بىر دەۋر ئۆتكەزىب تۇرغانىنى كوزدە تۇتىب، تاتار ئەدەبىياتىداغى سوڭغى كورىنىشلەر توغ-رىسىدا قۇيىداغى يازۇلارنى ئۆزبېك مۇتەلعەچى عىممەسىغا تەقدىم قىلىش فىكىرىگە كېلدىك.

بەلكىم، ئۇلار ئاراسىدا بەعزى باغلانىشلار، بەعزى عۇمۇمى كورىنىشلەر تابىش مۇمكىن بولار، بۇ ئۆزبېك ئەدەبىياتىداغى سوڭغى كورىنىشلەرگە قىزىققاندىغان، ئۇلارنى تېكشىرەدىغان ئورتاقلارغا ئاز ھەم بولسا، ياردام بېرەكىزەر دېگەن ئۈيدەمىز.

## بەعزى ئېسكەرتمەلەر

ئىسلام مەدەنىيەتى، عەرەب - فارس تىللەرى تەئسىرلەرى ئاس-تىدا ياشاب ئۆسىب كېلگەن بۇرژۇئازى تاتار ئەدەبىياتىدان كېيىن سوڭغى ئەسىر باشلارىدا كوتەرىلىب كېلگەن يېڭى تاتار بۇرژۇئا ئەدەبىياتىنىڭ ھەم بىرىدە ئۆزىگە ياراشا كەتتە تارىخى، پايغىز مىراسلارى بار.

عاياز ئىسحاقى، فاتىح ئەمىرخان، عەلى ئەسغەر كەمال، عەبدۇللا توقاي، عالىمجان ئىبراھىم، ماجىد غەفۇرى، زارىف بەشىرى، نەجىب دوماۋى، دەردمەند، سەعىد رەمىيېف، كەرىم تىنچورىن، سەعىد سونچەلەي كەبى لەقەبلەر بۇ يېڭى بۇرژۇئا ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتىرلى كۈچلەرىدەن بولماق بەرابەرىدە، بۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزى ئايىرىقسا تۈرلى گۇرۇھ ۋە شاخچا-لارغا ئاجرالغان مەنە شۇ كۈچلەرىنىڭ ئىجادلارىدان عىبارەتدىر.

بۇ يېڭى بۇرژۇئا دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ، مەفكۇرەۋى جەھەتدەن بولغان چىن تانىقلارى - بۇرۇنغى ئىسلام ئىسخولاستىكەسىدەن يۈز ئۆگىرىب عەرەب مەدەنىيەتىگە ۋە شۇنىڭ بەرابەرىدە دۇنيا بىلىمىگە بېرىلىب كېتىش (ئۇسۇل جەدىد، خاتىن - قىزلار ئازادلىغى، روس مەكتەبلەرىگە ئاغىش كەبى ئىشلەر ئەنە شۇ ئىشنىڭ شاخچالارىداندىر)، تېخنىكەدە ئېسە، تىل، ئۇسلۇب ھەم ئىجاد فورمالارى يۈزەسىدەن عەرەب، فارس ئىستىلاسىدان قۇتىلىب ئوقۇل تاتار تىلىدە ھەم روس ۋە ئەۋروپا ئەدەبى سەنعەتىدە قەبول ئېتىلگەن فورمالارغا يول ئاچىش ئېدى (رومان، پوۋەست، دىرام ۋە باشقالار).

بۇ - تاتار بۇرجۇئا ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ 1900-1910 نچى يىللار دەۋرىدە تاتارلارداغى ئويغانىش دەۋرىنىڭ چىن ئىلغارى بولىب، دەسلەب مەدرەسەلەرنى ئىسلاح قىلىش، يېڭى فەن مەكتەبلەرى ئاچىش، خاتىن - قىزلارنى ئازاد قىلىش، ئېسكى دىن خۇرافاتلارىدان تازەلەنىش كەبى ماقتانىشلى مەفكۇرە ۋە غايەلەر بىلەن سوغىرىلىب باردى. خودىدى مەنە شۇ دەۋرىنىڭ ئۆزىدە تاتارلار ئاراسىدا يېڭى مەكتەبلەر، يېڭى تىپدە مەدرەسەلەر، ۋاقتلى مەتبۇعات، تىياترو، مۇزىكە، تۈرلى جەماعەت ئويىشمەلەرى، ئاق - بىلىم تۈكەرەكلەرى كەبى نەرسەلەرىنىڭ تۇغىلىب ئۆسكەنلىگىنى ۋە مەحكەملەنىب بارغانىنى كورەمىز. عايازنىڭ «مۇعەللىم» ۋە «ئالدىم - بېردىم» ھەم «ئۆچ خاتىن بىلەن تۇرمۇش» لارى، توقاينىڭ پاتون ئىجادلارى، سەعىد رەمىيېف ھەم دەردمەندلەرنىڭ ئېك كوپ خىز-مەتلەرى، عالىمجان ئىبراھىمىنىڭ «زەكى شاكىرت»، «ياز بەشى»، «تاتار خاتىنى نەلەر كورمەس» لەرى، ع. كەمالنىڭ «كۈندەش»، «بەختسىز جە-گىت»، «بانكروت»، «بىزنىڭ شەھەرىنىڭ سىرلەرى» كەبى ئەسەرلەرى-عۇمۇمەن تاتار بۇرجۇئا ئەدەبىيلەرىنىڭ ئىجادىدا يۇلدۇز ئورنىنى تۇتا ئالارلىق ئەسەرلەرى خودىدى ئوشال ۋاقتلاردا يۈزەگە چىقتىلار.

ئەلبەتتە بۇ ئېك كەتتە سەبەبچى قىلىب 1905 نچى يىل ئىن-قىلابىنى، ئۇنىڭ تەئسىرى بىلەن تۇزغالغان توفانلارنى، خالق ئاراسىغا شۇعار ئېتىب تاشلاغان ئازادلىق ۋە كۈرەش ھەم ئۈمىد شۇعلەلەرىنى ئالىش كېرەك.

تاتار بۇرجۇئا ئەدەبىياتىنىڭ ئۆسۈشىدىكى **ئىككىنچى دەۋر**ى ئۆز ئىچىگە 1910 - 1917 ـنچى يىللارنى ئالىدۇ.

بۇ دەۋردە ھەم خۇددى شۇ كۈچلەرنى كۆرىمىز، شۇ ئىسىملەرگە ئۇچرايمىز. تەبىئىي بولارغا ئەمىرى، سۇنچەلەي، باشماكوف، سوگرادانىدا ئىسمەئىبەت، بابىچ، بۇرناش كەبى ئىسىملەر ھەم قوشۇلىدىلار.

بىراق، بۇ - دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى بىر ياقتان مەفكۇرەۋى جەھەتتەن تاتار شاۋىنىزمىنىڭ كۈچەيىشى، ئىككىنچى ياقتان-دا فورما ئېتىبارى بىلەن رومانتىزمنىڭ مەيدان ئالىشى بىلەن ئايرىلادى.

چۈنكىم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ساۋدا - سانائەت بۇرجۇۋازىياسى ئۆز گېگېمونىيەسىدىكى تايىپارلىق ھاسىلچىنى ئۆتكەزدى، ئېسكى فېئودالىزم تەئسىرلەرىنى يېڭدى، ئەندى ئۇنىڭ ئۆزىنى چىندىن مۇستەھكەملەش، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى - مالى ئاساسلارىدا «ئىستابىلىزاتسىيە» ياساش ۋاقتى يېتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوسۇلى جەدىد، خاتىن - قىزلار ئازادلىقى، ئىشان - چاپان مەسئەلەلەرى ئارقادا قالىپ ئەندى تاتارلىقنى ئىلگەرىگە سۈرۈش دەۋرى كەلدى. ئىنقىلاب غايەلەرى كېيىنكى پىلانغا قالدىرىلدى.

فاتىح ئەمىرخان خۇددى شۇ ۋاقىتتا يەڭى تاتار كاپىتالىستلەرى، يەڭى تاتار مۇھەررىرى، يەڭى تاتار بۇرجۇئا «تۇۋاشقابلارى» تىپلەرىنى ئۆزىنىڭ «تىڭسىزلەر»ى ئارقالى بەردى. خۇددى شۇ ۋاقىتلاردا ئاياز ئىسحاق دىن ئۈچۈن ئوت - سۇۋلارنى كېچەتۇرغان تاتار خاتىنى دىن - مىللەت ئۈچۈن تېمىر كەبى قاتتىق تۇرادىغان ئابدۇللا مۇرىدلەر تىپىنى ئۆزىنىڭ «زۇلەيخا»سى ئارقالى ئوتتۇراغا قويدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئەۋۋاللەرى.

— خۇدالار، پەيغەمبەرلەر قانۇنلارىنىڭ ھەممەسى ھەم بىكار بىر چۆپ!-دېپ ئېيتقۇر خۇداسىزلىق ساقىپ يۈرگەن سەئىد رەمىيېف «سەمەدەن ۋە تاشتىن» تاگرىغا قايتدى. بۇ گۇرۇھ ئاراسىدا كەرىم تىنچورىن، تاتار مىللەتىنى روس قانى ئارالاشىشدان ساقلاش غايەلەرىنى ئۆزىنىڭ «شۈملى ئادەملارى» ئارقالى ئېڭ قويۇق تۈسلەرگە بوياپ بەردى.

شۇ زامانلاردا تاتارلارنىڭ ئېڭ مۇھافىزەكار فىكىر تارقاتقۇچىسى بولغان «يۇلدۇز» گەزىتەسى ئۆزىنىڭ 1.000 نچى سانىنى «ئەلفىيەسىنى» بايرام ئېتكەندە زاماناسىنىڭ مۇتەرەققى سانالغان كاتتا ئەدىبى ئالىمجان ئىبراھىم تاماندىن:

— ئۇ (يەئنى «يۇلدۇز» گەزىتەسى) ھېچ بىر ۋاقىت ئىنقىلابچى بولمادى، ئۇ ھەممە ۋاقىت ئاپات تەكامۇلچى بولۇپ كەلدى - دېپ «ماقتالدى».

قىسقاسى، بۇ دەۋردە تاتار بۇرجۇئا ئەدەبىياتى ئوتتۇراغا ئۆزىنىڭ بۈتۈن مۇھافىزەكارلىقى ۋە شاۋىنىستلىقى بىلەن چىقتى. ئۇنىڭ «يۇلدۇز»لارى بۇرۇنقى ماقتانچلى ئازادلىق غايەلەرىدەن يۈز ئۆگۈرۈپ، تار مىللەتچىلىك ھەم تەكامۇلچىلىك پەردەلەرى ئارقاسىدا يېكىنىپ ئالدى.

بۇنىڭ شۇنداي بولىشىغا يوقارىداغى سەبەبلەر ئۈستىگە 10 نچى يىللاردان كېيىن ئىستىبدادىنىڭ كۈچەيىشىنى، كېيىنچە جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ باشلانىشى نەتىجەسىدە بۈتۈن روسىيەنىڭ قاراڭغۇ باتقاق ھالىغا ئەيلەنىشىنى ھەم قوشماق كېرەك.

بۇ سوڭغى گۇرۇھ ئاراسىدا **رومانتىزم ئاقىمىنىڭ كۈچەيگەنىنى** ئېيتىپ ئۆتكەن ئېدىك. بۇ ئاقىم ئايىنىقسا، ئۇرۇش يىللارىنىڭ ئاخىرلارىغا ياقىن ۋاقىتلاردا، ئۇندان - دا كوبرەك ئىنقىلاب كۈنلەرى ئالدىدا جىددى ھەم ئەۋج ئالىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېڭ كۈچلى نەمايەندەلەرى ئېيتىپ ئىتقى ئىسمەئىبەت، شەيخزادە بابىچ، كەرىم ئەمىرى، تەنقىدچىلەرىنىڭ ئەيتىشىگە قاراغاندا بۇ سەترلەرنى يازغۇچىنى ھەم كۆرسەتىش كېرەك.

بۇنىڭ شۇنداي بولىشىغا ھەيران بولۇش ھەم كېرەك ئېمەس. چۈنكى، بۇ ۋاقىتلاردا روسىيەنىڭ ئاستى ئۈستىگە كېلىپ بۈتۈن دۇنيا قانغا باتقاندا، تۇرمۇشتا توقتالىپ كۆڭۈل بۇياتارلىق ھېچ بىر نەرسە قالماغان بىر زاماندا، «ۋاتاننى ساقلاش» ھەم ئىستەر - ئىستەمەس ئۆلى ۋە دەھشەتلى جەبھەلەرگە ئۆزلىگىنى تاشلاشدان باشقا ھېچ بىر ئويى، ھېچ بىر غايەگە ئورۇن قالماغان بىر ۋاقىتتا، ئومۇمى ھالاكەتلەر ئۈستىگە مىللى قىسىنقىلىقلارنى ھەم كۆتەرگەن تاتار كۆپچىلىگى ئۈچۈن ئۆزىنى يوقاتىپ يۇبارىشدان، ماتېرىيەگە بىرلىشىدەن باشقا نەرسەلەرگە ئېرگەشىشدەن، كۆزلەرىنى يېرىنىڭ قانلى توپراغىدان ئالىپ بىلگىسىز يوقارىلىق ۋە ئۈسۈلكىنىڭ قاتغان تىلسىز يۈزلەرىگە قاراتىشدان باشقا ھېچ بىر چارە قالماغان ئېدى.

فىكىرلەرنى بىرىش خەياللار، بۇرۇنقى تۇرمۇشنىڭ سىرلى كۆرۈنىش خاتىرەلەرى، بىلگىسىز ئىستىقبالنىڭ تۇمانلى كۆرۈنىشلەرى باسقان ئېدىلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋردەن، ئۆزىنىڭ شۇ روھىغا مۇۋاپىق شائىرلار تۇغىلدى. ئۇلار زاماننىڭ ئادەتتەن تاشقارى كۆرۈنىشلەرىنى، تارىخنىڭ كۆبدەن ئۆچۈپ كېتكەن گۈزەل كۆرۈنىشلەرىنى، ئىنسانلىقنىڭ زارىقىپ كۈتكەن تۇرمۇشدان يوقارى غايەلەرىنى مايراي ھاشلادىلار. ئۇلار بۇرۇنقى زاماننىڭ ئېسكىرىپ، چاڭ باسىپ كەتكەن تارىخ بەتلەرىنى ۋاراقلاپ ئۇلارنى ھازىرغى زاماننىڭ بوياقلارى بىلەن بوياپ خالققا بېرەباشلادىلار.

بۇ دەۋردە ئوتتۇراغا ئاتىلغان «تاھىر - زۆھرە»لەر، ئۇلارنىڭ داۋامى بولغان «يۇسۇف - زۇلەيخا» لار (كەرىم ئەمىرى)، «يوزجىگىت» (ك. رەھىم) لەر، بۇرۇنغى تاتار تۇرمۇشىدان ئالىنىپدا تۇرمۇشدان تاشقارىغى مادداللاردان توقۇلغان داستانلار، لىرىكەلەر (سۇنچەلەي، ئەمىرى، ئىسمەئىبەت، بابىچ، بۇرناش ھەم باشقالارنىڭ) ھەممەسىدە شۇ دەۋردە ئوتتۇراغا چىقدىلار، كېڭەيدىلەر ۋە كېلگۈسىدىكى جۇدا ئۇزاق يىللار ئۈچۈن شۈبھەسىز، ماياق بولدىلار.

فېۋرال ئىنقىلابى بۇ سوڭغى گۇرۇھ تاتار بۇرجۇئا ئەدەبىياتىداغى بىرياقتان مۇھافىزەكارلىق ۋە ئىككىنچى ياقتان رومانتىزم بوياقلارىنىڭ قويۇقلاشماغىنا سەبەب بولدى.

ئوكتەبىر ئىنقىلابىغىنا تاتار ئەدەبىياتىنى بۈتۈنلەي يەڭى غايەلەرگە بۇرىپ ۋە بۈتۈنلەي يەڭى قالىپلارغا سالىپ يۇبارغۇچى، تاتار ئەدەبىياتىنىڭ كاتتا قەدەملەر بىلەن يەڭى ئاساسلار ئۈستىدە كۆتەرىلىپ بارىشىغا سەبەبچى، ھەم بىرىنچى كاتتا ئامىل بولدى.

## ئوكتەبىردەن كېيىن دەسلەپكى كۈچلەر

ئوكتەبىر ئۆزگەرىشى تاتار بۇرجۇئا ئەدىبلەرىنى كۈچلى ئېلەكتەن ئۆتكەزدى، بىر خىل يازغۇچىلار ئوكتەبىر بوساغاسىدان بۈتۈنلەي تاشقارىدا قالدى. بىر خىللارى ئىنقىلابنى رەسمى ياقتانغىنا قابول قىلدىلار، بىر خىللارى ئېسە، تەدرىجى رەۋىشدە ئوكتەبىر تامانىغا ئۆتتىلەر، يەنە بىر خىللارى بولسا، تۈپپا - توغرى ئوكتەبىر كۈرەشلەرىگە قوشىلىپ ئۆزلەرىنىڭ بۈتۈن ھاياتلارىنى ئىشچى - دېھقان ھاكىمىيىتى بىلەن باغلاپ ئالدىلار.

ئەدەبىيات مەيدانىدا تانىلغان كۈچلەرنىڭ مۇقەددەرانلارى قۇيىداغىچا بولدى:

**ئاياز ئىسحاق** سىرە ئارتىنماسدان تۈپپا - توغرى قارا ئەكسۇلئىنقىلابچىلار يولى بىلەن كېتتى، ئاقلار ۋە چېخلار ئاراسىدا يۈرىپ چەت مەملەكەتلەرگە قاچتى، تۈركىيەدە شورالارغا قارشى فىكىر تارقاتىش بىلەن ئۇغراشىپ ئۇندان ھەم ھەيدەلدى. شۇنداي قىلىپ تاتار جامائەتچىلىگى بىلەن بولغان ھېسابىنى بۈتۈنلەي ئۈزدى.

**فاتىح ئەمىرخان** باشدا ئوكتەبىر ئىنقىلابىغا قارشى بولا-تۇرىپ، كېيىنچە ئۇنى رەسمى رەۋىشدە قەبول ئېتتى. شۇنداي بولسا

ھەم، ئۇ - ئوكتەبىر كۆرەشلىرى، سوتسىيالىزىم قۇرۇلۇشلىرى نەغمىلىرى ئاراسىدا ئۆزىنىڭ ئىجادى ئۈچۈن زېمىن تاپا ئالمادى، ئوكتەبىردىن كېيىن بىر نېچچە مېيدە - چۈيدە ئەسەرلەر قالدۇرۇپ سوڭغى يىللاردا ئۆلدى.

كەرىم تىنچورىن دەسلەپ بىر ئاز «تەرەددۇد» دەۋرى ئۆتكۈزۈپ تېز ۋاقىتتا ئوكتەبىرنىڭ ھەقىقى كۈچىنى سېزدى ھەم ئۆزىنىڭ ئىجادى كۈچىنى شورالار جەمائەتچىلىگى بىلەن باغلاپ ئالدى. ئۇ - تاتار تۇرمۇشىدىن ئالىنغان «قازان سۆلگىسى»، «سۆنگەن يۇلدۇزلار»، «زەنگەر شال» كەبى مەفكۇرە جېھەتتىن ھازىرغى تەلەپلەرگە جاۋاپ بېرەرلىك ئەسەرلەر بېردى. سوڭغى يىللاردا ئۇ، ئوكتەبىردە تاتار زىيالىلىرىنىڭ مۇقەددەراتىنى بەلگىلەش مەۋزۇئىدە ئۆزىنىڭ «جىلكەنسىزلەر» ئاتالغان چىن شوراۋى مەفكۇرە ئەساسىداغى ئەسەرىنى بېردى.

ھازىرغى كۈندە ھەم ئۇ، تاتار شورا سەھنە يازۇچىلىغىنىڭ كۆتەرىلىشى يولىداغى ئىشلەرىنى داۋام قىلدىرماقدادىر.

تاتار تۇرمۇشى ئۈچۈن خاراكتېرلى ھەم كەنتە مۇۋەففەقىيەتلەر قازانغان بىر ئەسەر ئىدى.

سوڭغى ۋاقىتلارداغىنا ئۇنىڭ «ئوت» ئىسمىدە يەڭگى بىر ئەسەرى يازىلىپ قازاندا سەھنەگە قويىلدى. تەقرىزلەر، بۇ، ئەسەرنىڭ ھەم فورما ھەمدە مۇندەرىجە جېھەتتىن يەڭگى ئەدەبىياتقا قىممەتلى بىر ئەسەر ئىكەنىنى كورسەتەدىلەر.

ش. كەمال ھازىرغى كۈندە ھەم شورا ئەدەبىياتىنى مەھكەملەش يولىدا دائىمى رەۋىشدە ئىشلەپ كېلمەكدەدىر.

عالىمجان ئىبراھىم ئىنقىلابقاچا جۇدە كوپ ئەسەرلەر ۋە بۇ قاتاردا «يېش يۈرەكلەر»، «تەبىئەت بالالارى»، «زەكى شەكرتىنىڭ مەدرەسەدەن قۇۋۇلىشى» كەبى مۇھىم ئەسەرلەرنى بېرگەن كىشىدىر. ئىلگەرىكى ۋاقىتلاردا يازىلغان «بىزنىڭ كۈنلەر» ھەم «قازاق قىزى» ئىسمىدەگى ئەسەرلەرى ئىنقىلابدان كېيىن باسىلىپ چىقدىلار. بۈرۈنغى



ئۇرە تېپە شەھەرىنىڭ ئۇمۇمى كۆرۈنۈشى

عەلى رەھىم ھەم ع. عەزىز (عەزىز عۇبەيدۇللىن) لەر ئىنقىلابنىڭ دەسلەبكى يىللارىداياق ئوكتەبىرگە قارشى ناز، ئىنجەقلىق كورسەتمەسەدەن، ئۇنىڭ مەفكۇرەسىنى قابۇل قىلدىلار، بىراق، ئىككىسى ھەم ئەدەبى خىزمەتتەن كوبرەك علمى ئىشلەرگە بېرىلىپ كېتدىلەر.

سەدرى جەلال ھەم شۇ يولدان كېتدى. ۋە سوڭغى ۋاقىتلارغاچا ئۆزىنىڭ ئەدەبى ئىشلەرىنى داۋام قىلدىرماقدادىر.

شەرىف كەمال ئىلگەرىدەن بېرلى ئىشچى - باتراقلار تۇرمۇشىدان ئالىنغان ھېكايەلەرى بىلەن تانىلغان بىر يازۇچى ئىدى. ئۇنى بەلكى، تاتار پرولېتارىيات تۇرمۇشىنى گەۋدەلەندىرگەن بىرىنچى يازۇچى دەپ ئاتاماق مۈمكىن ئۇ، ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ باشىداناق كوممۇنىستلەر قاتارىدا باردى. ئوكتەبىردەن كېيىن ئۇنىڭ، ئىشچى - دېھقانلار تۇرمۇشىدان ئالىنىپ يازىلغان ھېكايەلەرى ۋە بۇ قاتاردا بىتتە رومانى ھەم چىقدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەسەرلەرى مەفكۇرە تامانىدان بىزنىڭ تەلەپلەرىمىزگە تۈگەل رەۋىشدە جاۋاپ بېرەرلىك دەرەجەدە بولسالار ھەم، سەنئەتچە ئىشلەنىش تامانىدان ئۇلار بۈرۈنغى ئەسەرلەرىدەن جۇدە تۆبەندە تۇرادىلار.

ش. كەمال سەھنە يازۇچىلىغى مەيدانىدا «ھاجى ئەفەندى ئۆيلەنەدى» ئاتالغان كەمەدىيەنى يازىپ چىققان كىشىدىر. بۇ كەمەدىيە

ئەسەرلەرىنىڭ كوبرەگى مېيدە بۇرجۇئا مەفكۇرەسىگە ئاساسلانغان ئەسەرلەردىر؛ ئۇلاردا ئېڭ باشدا تاتار قىشلاقىسى، قىشلاق ھەم شەھەرىنىڭ زىيالى تاپاقاسى، مېيدە سەۋداگەر ۋە ھۈنەرمەندلەر، شۇلارنىڭ ئىدىياللاشدىرىلغان گەۋدەلەرى كوزگە ئىلىنەدىلەر. شۇنىڭ بەرابەرىندە ئۇ، تىل - ئىملا مەسئەلەلەرى ئۈستىدە ئەنچەگىنە خىزمەت كورسەتدى ئوكتەبىردەن كېيىن ع. ئىبراھىم تۆپپا - توغرى ساسىيال رېۋالوتسىيونېرلەرنىڭ سول قاناتىغا كىرىپ شورا مەفكۇرەلەرىنى ياقلاپ چىقدى، بىر نېچچە يىللاردان كېيىن كوممۇنىستلەر قاتارىغا كردى. ئۇشاندان بۇياق شورا جەمائەتچىلىگىنى يوقارى كوتەرىش يولىدا فەئال رەۋىشدە خىزمەت ئېتىپ كېلمەكدەدىر. تىل، ئەدەبىيات مەيدانىدا ئەنچەگىنە علمى خىزمەتلەر كورسەتدى.

«قىزىل چەچەكلەر»، «ياڭاكىشىلەر»، «ئادەملەر» كەبى مۇھىم ئەسەرلەر بېردى.

علمى، ئىجتىماعى ئىشلەرگە كوپ كۈچ سەرف ئېتىپ، ئەدەبى ئەسەرلەرنى شاشلىشلىق رەۋىشدە ئىشلەش ئارقاسىدا بولسا كېرەك، ئوكتەبىردەن كېيىنكى ئەدەبى ئەسەرلەرى عالىمجان ئىبراھىمفنىڭ،

ھەم تىل، ئۇسلۇب سەنئەتچە ئۆگەللىنىش تامانىدان ئۆزۈلگى ئەسەرلەرگە قاراغاندا ئىسلەنىش بار.

20 يىللىق كەتتە خىزمەتلەر بايرامىنى ئۆتكەزگەن بۇ ئەدەب، سوڭغى يىللاردا، ئايىنقسا، ئەدەبىيات مايدانىدا - يېتەكچىلىك قىلىش، تىل، ئەدەبىيات، ئەدەبىيات تارىخلارىنى تېكشىرىش بولىدا كوپ خىزمەتلەر قىلدى.

**دەردمەند** تاتار بۇرجۇئا ئەدەبىياتىنىڭ ئىڭ نازىك ھەسساس قىللارىدان بىرتەسى دەپ سانالار ئىدى. ئۇنىڭ رەمز سەمبوللىكەگە قاتتىق بېرىلگەن، چوڭقۇر فەلسەفەلەرگە ئورالغان، ئىڭ ئۇستا تېخنىكە بىلەن قۇراللانغان پارچالارى چىندىندە بۇرجۇئا مەدەنىيەتىنى بىزەگۈچى ئىڭ قىممەت باھا زىيۋەرلەر دەپ ھىسابلانىشقا ئەرزىيدىلەر. ئەۋۋەللەرى، ھەم جەمئىيەتنىڭ «ئىڭ زيۋلى» يوقارى تاپاقاسى ئۈچۈن كىنە خاس بولغان بۇ شاعر، بۇتۇن عۆمرىدە جۇدە ئاز ئەرسەلەر يازدى. براق، تاتار ئەدەبىياتىدا جۇدە چوڭقۇر ئىزلار قالدىرىب كەتدى.

سوڭرالارى بىز تاتار ئەدەبىياتىدا كىڭ بىر «دەردمەند مەكتەبى» پەيدا بولغانىنىڭ گۇۋاھى بولدىق.

كارىم ئەمىرى، فىراقى، ئەبرار سەعدى، چىندەكى كابى بىرتالاي شاعىرلار شۇنىڭ ئىزىدەن باردىلار. حاتتا، ئوكتەبىردەن كېيىن — يېتىشكەن ياشلار ئاراسىدا ھەم ئۇنىڭ تەئسىرى ساقلانىب كىلدى (ۋەلى نەجمىنىڭ بىر قاتلاي دەسلەبكى شىعرلەرى، مۇسا جەلىل شىعرلەرى، تاقتاشنىڭ بەعزى ئەسەرلەرى ھەم باشقالار).

ئوكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن سىنىف ھىسابلاشماغان بولسا ھەم، ئوكتەبىردەن كېيىن ھېچ بىر ئەرسە بىرمەستەن ئولىب كەتدى.

**سەعىد رەمىيىف** دەردمەندنىڭ مۇعاسىرى بىر ئورناغى ئىدى. ئۇ ھەم ئاز يازدى. براق، ئۇ، قوپالراق بولسا ھەم، قاتتىقراق تاۋىش چىقاردى، ھەر زاماندا «بىر ئىختىلالچىلىق» ھەم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، دەردمەنددەن كورە كىڭرەك تانىلدى.

ئوكتەبىر غايەلەرىنى قەبول قىلىشتا بۇ شاعىرنىڭ ئارتىق دەرەجەدە ئوتكۇر بولغان ئىندىۋىدۇئالىستلىق خاراكتەرى مانىعلىق قىلغان بولسا كېرەك، ئىنقىلابدان كېيىن، ئۇ، بىر نىچە تەسادۇفى پارچالارغىنا بىردى.

زادان ئوكتەبىر ئالدىدا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا بەدبىنلىك روھى كوچەيگەن ئىدى؛ «تاغرىغا قايتىشى» ئۇشال ۋاقىتدانباق باشلانغان ئىدى.

ئىنقىلابدان كېيىن قەلەندەرلەرچە تۇرمۇش ئوتكەزگەندەن كېيىن، ياقىن يىللاردا ئولدى.

**عىففەت تۇتاش** دىگەن بىرنىچى تاتار شاعىرەسى بۇرجۇئا ئەدەبىياتىنىڭ سوڭغى دەۋرەدە چىقىب رومانتىزم بىلەن سوغارىلغان ئىخچام، گۈزەل شىعرلەر بىردى. ئۇھەم كوب يازماسادا، تېز ۋاقىتدا ئەدەبىيات مايدانىدا كوزگە كورىنەرلىك بىر ئورۇن قازاندى. ئۇنىڭ شىعرىيەتى ھەم باشلىچا دەردمەند، سەعىد رەمىيىفلەرنىڭ ئىجادلارىدان سوغارىلغان پارچالاردان عىبارەت ئىدى.

بۇ شاعىرە ئىنقىلابنى ئىزسىز قارشى ئالدى ھەم كورەشنىڭ باشلانىشى بىلەن، مايداندان يوقالدى.

**عەلى ئەسغەر كامال** تاتار سەھنە يازۇچىلىغىنىڭ ئاتالارىدان سانالادى. ئۇ، 1900—1917 نچى يىللار ئاراسىدا تاتار تىياتروسى ئۈچۈن ئارگىنال ھەم تەرجىمەلەردەن عىبارەت 100 گە ياقىن ئەسەرلەر بىرگەن كىشىدىر. ئۇنىڭ «بەختسىز جىگىت»، «بانكروت»، «بىزنىڭ شەھەرنىڭ سىرلارى» كابى مۇۋەففەقىيەتلى، ئارگىنال ئەسەرلەرى جۇدە كوب.

ئۇ، ئوزىنىڭ ئەسەرلەرىدە تاتار شەھەر مېشچانلارىنىڭ تۇرمۇشىنى، تىپلەرىنى، مەفكورەلەرىنى پسىخولوگىيالارىنى ياخشى تەسۋىرلەش بىلەن شۇھرەت قازانغان بىر كىشىدىر.

تاتار جەماعەتچىلىگىگە جۇدە كوب خىزمەتلەر كورسەتكەن بۇ كىشى، ئوزى كېكسە بولسا ھەم، ئىنقىلابنى يىگىتلەرچە قارشى ئالدى.

حازىر جىددى ئىجادى ئەسەرلەر بىرىشدە، ئاغىرلاشىب قالغان بولسا ھەم، ئوكتەبىردەن كېيىن، ئۇ، تاتار سەھنەسى ئۈچۈن ئەھەمىيەتلى ھەم تەرجىمەلەر بىرىب كىلمەكتەدىر.

**نەقى ئىسەنبەت** ئىنقىلابغا ياقىن زامانداغى شاعىرلارنىڭ كۈچلىلەردەن بىرلەب، ئىنقىلابغاچا ھەم تاتار ئەدەبىياتىنى ئوزىنىڭ گۈزەل تىلى، ئاچىق ھەم تۈرلى تەسۋىرلەرگە ئىگە بولغان شىعر - داستانلارى بىلەن بېزەب كەلدى.

ئوكتەبىر ئىنقىلابىنى بۇ شاعىر، تولا تايپارلەنلار بىلەن قارشى ئالىب ئوز ئارا ئۇرۇشلار ھەم يىڭى قۇرىلىش فۇرسەتلەرىدە يىڭى تۇرمۇش، يىڭى قاراشلارىنى ئوز ئىچىگە ئالغان بىر تالاي كۈيلەرنى كۈيلەدى. ئۇنىڭ «ھىجرەت»، «ئىسمەندەگى پىيەسەسى ئىنقىلابى ئەسەرلەر ئاراسىدا ئىڭ ئىلگەرىگى قاتاردا تورغان ئەسەرلەردەن سانالادى.

سوڭغى يىللاردا يازىلغان «گۇلنۇر شانگاريي» پىيەسەسى حازىرغى زىيالىلار تۇرمۇشىنى ئاچىب بىرىشدە كەتتە مۇستالىق كورسەتدى.

ئۇندا ئوتكۇر ئىندىۋىدۇئالىستلىق بىلەن كېلىك كاللىكتىۋىزم كابى ئۇزاق دائىرەلەر بىر ئاراغا كېلىب ئالغانلار. شوڭا كورە كېيىنگى ۋاقىتدا ئۇنىڭ ئىجادى مەسەلەلەرىگە كوز ئۈچى بىلەن قاراشلار ھەم ئۇچراب تورادى.

شۇندايبولسادا ئىسەنبەت ھەلى ھەم ئوتكۇر قالام، ئوتلى يۈرەك، مەحكەم ئىرك بىلەن كوزگە كورىنە تورغان كورەشچى شاعىر بايراغىنى كوتەرىب بارماقدادىر.

**شەيخزادە بابىچ** ئوزىنىڭ رومانتىك لىرىكەسى بىلەن ئىنقىلاب ئالدىدا چىقىب ئاز ۋاقىت ئىچىدە تېز تانىلدى. ئۇنىڭ «عازازىل»، «ئىسە...دىگى داستانى، تاتار ئەدەبىياتىدا كەتتە ئورون تۇتادى. ئۇنىڭ يېڭىل، ئۇيناق، حەرەكەتلى قالامى ئۇزاق ياشاي ئالمادى. ئوكتەبىر ئىنقىلابى ۋاقىتىدا ئۇ، كورەش سەففلەرىدەن بىر ئاز تارتىندى. كېيىنچە جۇدە تېزلىك بىلەن يىڭى ئىزگە كىرە باشلاغان بولسا ھەم، ئوز ئارا ئۇرۇشلار ۋاقىتىدا جاھىلەر ھەلاك بولدى.

ئۇنىڭ لىرىك شىعرلەرى، تاتار ئەدەبىياتىدا گۈزەل بىزەك بولىب قالغۇسىدىرلار.

**كەرىم ئەمىرى** بۇرجۇئا ئەدەبىياتىنىڭ سوڭغى دەۋرىدە چىققان رومانتىك شاعىرلەردەندىر. ئىلگەرىگى ۋاقىتلاردا، ئۇ، ئوزىنىڭ لىرىك شىعرلەردەن ھەم داستانلارىدان ئەھەمىيەتسىنى بىردى. ئوكتەبىردەن كېيىن ئىشچى - دىھقان قاتارىغا قوشىلىب ئوز ئارا ئۇرۇشلارنى ھەم ئىنقىلابى كۈيلەرنى كوب كۈيلەدى، ئەھەمىيەتلى سەھنە ئەسەرلەرى بىردى.

سوڭغى ۋاقىتلاردا ئۇ، كوپىنچە تىل، ئەدەبىيات تېكشىرىش ھەم پەدەگوگىيە ئىشلەرى بىلەن ئايلانىشىدە بىرىلىب كېتدى.

**مىرحەيدەر فەيزى** ھەم شۇ دەۋرەدە چىقىب ئەسەرلەرى ئاراسىدا «علىيە بانو» كەبى تارلاردا ئىڭ عامىئۇي ئەسەر ياراتغان-

XIX نچی عەسرنىڭ 40نچی يىللارىدا بۇخارادان روسىيەگە قۇيىداغى تاۋارلار چىقارىلغان: پاختا، پاختا ئىپى، گۇرۇنچ، قۇرۇتىلغان مىۋە، خام ھەم بويالغان ئىپەك، رەڭ، بويالغان، ياكى، بويالماغان بوز، ئىپەك ۋە بومەژنی چاپانلار، توپپى، بېلباغ، رويمال، شال، حايۋان تېرىلەرى، فەيروزە كەبى قيمەتلى تاشلار ۋە باشقالار چىقارىلغان. بولار ئاراسىدا فەبرىكلەر ئۇچۇن موھىم بولغانى، شۇبھەسز، پاختا ۋە بۇنىدىن ئىشلەنگەن ئىپدر.

1840– 1850 ىنچی يىللاردا يەعنی ئون يىل ئىچىدە بوخارادان روسىيەگە قويىداغى تاۋارلارنىڭ چىقارىلغانى كورىنەدى:

| | سوم | تيين |
|---|---|---|
| 1) پاختا ھەم پاختا ئىپى. . . | 2.221.181 | $46^1/_2$ |
| 2) مىۋە. . . . . . . . . | 171.898 | 47 |
| 3) جۋاھير ھەم مەرۋارىد . . | 119,040 | 60 |
| 4) بومازنی تاۋار . . . . . . | 3,324,418 | 52 |
| 5) ئىپەك ۋە يارىم ئىپەكدەن ئىشلەنگەن ماتېرىياللار . . | 116,288 | 85 |
| 6) قالىن، گىلەم، چېكمەنلىك. | 8,816 | 10 |
| 7) قاراكول . . . . . . . . | 833,824 | 10 |
| 8) ھەر خىل حايۋان تېرىلەرى. | 176,905 | 67 |
| 9) كىيمالك شاھى . . . . . | 6,268 | — |
| 10) كەشمير شەلى ھەم رويمال | 161,616 | 55 |
| 11) بوياغ. . . . . . . . . | 49,010 | $48^1/_2$ |
| 12) دارمانا . . . . . . . . | 10,904 | 30 |
| 13) گورنچ . . . . . . . . | 5,794 | 75 |
| 14) ئېچكى جونى. . . . . . | 1,103 | — |
| 15) چاي. . . . . . . . . | 3,548 | — |
| 16) ھەر خىل تاۋارلار . . . | 98,628 | 59 |
| جەمعىسى . . | 7,309,248 س. | 16 ت. |

شۇلەردەن بوخارادان چىقادىغان نەرسەلەرنىڭ نەۋعی كوب ئېكەنی كورىنەدی. كەشمىر شەلی، بوياغ، چاي، جاۋاھىرلاردان باشقالارى بوخارا مەملەكەتىدە يېتىشەدىغان تاۋارلاردىر.

بۇ تاۋارلار ئاراسىدا ئېڭ كوپی بومازنی تاۋار، پاختا، قاراكولدىر. كيىنگە نامان پاختا جۇدە قىيمەتلەنەدی.

47–48 نچی يىللاردا تاشكېنتدە بىر تۇيە پاختا 9–10 تللە تۇرغان. ئەمما، 50 نچی يىللاردا جۇدە ئوسەدی. بىر تۇيە پاختا 20 تللە، بەلكی ئارتۇغراق ھەم بولغان. بوخارا بازارلارىدا ھەم بىر باتمان(8 پوت) پاختا تورت تللە بولغانی حالدا، 50 نچی يىللاردا ئون تللەگە چىقادی. بونىڭ بۇدەرەجە ئوسىشىگە سەبەب يىلدان يىل كەم ئېكىلىشی، دېھقانچىلىق ئىشلەرىنىڭ يىلدان يىل زەعيفلەنەبارىشىدىر. مەملەكەتدەگی عىسيانلار، قەبىلە كورەشلەری سەبەبلی دېھقانچىلىق ئىشی جۇدە يامان حالدا بولغان.

دېھقانچىلىق ئىشىنىڭ جۇدە فەنا حالدا بولغانىنی ۋە بۇنىڭ سەبەبىنی دەستورۇلمۇلۇك ئېگەسی جۇدە ئاچىق يازادی: «بولۇپ ئوتمش حاكىملەرنىڭ زۇلمی، بىر توقتاۋسز عەسكەرلەرنىڭ ئوتوب تۇرۇشی، بىرى كېتىدەن بىرى توختاۋسز كېلىب تۇرغان ئولپان ئىشلەری دېھقانچىلىقنىڭ كەمەيىشىگە، فۇقارانىڭ تارالىب، قاچىب كېتىشلەرىگە سەبەب بولدی» دېيدىر. بۇ ئوسىش يىلدان يىل ئارتا بارغان، مەسەلەن 1840 نچی يىلدا بوخارادان 29.380 پوت پاختا چىقارىلغانی حالدا، 49نچی يىلدا ئېسە 1.488 پوت 10 قاداق پاختا چىقارىلغان. دېمەك ئون يىل بەدەلىدە 28.892 پوت 30 قاداق كەمىگەن. ئون يىلنىڭ بەدەلىدە بوخارا ھەممەسی بولۇب 130 000 پوت پاختا بېرگەن. بونىڭ مەجموع سوممەسی 645.000 سوم بولادی.

پاختادان يىگىرىلگەن ئىپنىڭ ئەھمىيەتی ھەم زور بولغان. بۇ روسىيەگە فەقەت، بوخارادان كىرگەن. بۇنىڭ ئېڭ ئىنچكەسی فەبرىكلەردە قۇماچ، چىت توقش ئۇچۇن ئىستېعمال قىلىنغان؛ بۇ ئەنگلىيەنىكىدەن ئۇستۇن بولغان.

شو يىگىرىلگەن ئىپ ئون يىل ئىچىدە 139.262 پۇت چىقارىلغان. بونىڭ مۇھىم بىرقىسمى فەبرىكلەرگە كېتكەنی كەبی، باشقالارى ئىدىل بويى موسولمانلارى ئاراسىدا تارقالغان. بۇندان ھەر خىل نەرسەلەر توقوغانلار. بوخارانىڭ خارىجى بازاردا مۇھىم ئورۇن توتقان تاۋارلارنىڭ بىرىسی قاراكولدىر. بۇ تۇرلی مەملەكەتلەرگە تارقالغان. ئېڭ كوب چىقازىلغان يېری رۇسىيەدىر.

49-40 نچی يىللار ئاراسىدا ھەممەسی بولۇب 488.380 دانا قاراكول چىقارىلغان. بۇنىڭ سوممەسی 390.031 سوم بولغان. بونىڭ چىقازىلىشی ھەم يىلدەن يىل كەمەيە بارغان. 40 نچی يىلدا 54.758 دانا چىقازىلغانی حالدا 49 نچی يىلدا 22.920 داناغا قالغان.

يۇقارىدا يازغانىمزچا ئولكەدەگی تىنچسزلقلار دېھقانچىلق ئىشىنىڭ خاراب بولىشىغا سەبەب بولغانی كەبی، عۇمۇمەن تىجارەت ئىشىنىڭ كىينگە كېتىشىگە ھەم كەتتە سەبەب بولغان. شونىڭ نەتيجەسىدە خارىجغا تاۋار چىقازىلش يىلدان يىل كەمەيگەن. باشقا تاۋارلار قاتارىدا قورۇغ مىۋە ھەم چىقازىلغان. بۇ بىرىنچی ئورۇندا تورماسا ھەم، 19 نچی عەسردە باشقا تاۋارلار قاتارىدا

